XINJIANGDAXUEXUEBAO

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

1993

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

1993 - يىللىق 2 - سان (ئومۇمىي 54 - سان)

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

باش مۇھەررىر: ئەكبەر ھۈسەيىن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قەييۇم قۇربان

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال


## بۇ ساندا


ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى تېزرەك بەرپا قىلىش لازىم...... گاۋشاڭچۈەن (قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى) 1

مەملىكىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى توغرىسىدا............................................ ئەنئەردىن مۇسايوۋ 11

سوئال ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا ..........كۈرەش مەھمۇت 20

سۆزلەش بىلەن ئويلاشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ..............ئايشەم ئابدۇللا 30

پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل ـ يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنىڭ كونكرېت تەدبىقلىنىشى توغرىسىدا............... ئالىم سەيفى 35

ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ چەك چېگرىسىنى پەرىقلەندۈرۈش توغرىسىدا ........................................ ئەركىن توختى 41

پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى...مۇنەۋۋەر مالىك 44

«قىرپانە بەگلىكى» گە ئائىت تارىخىي يازما خاتىرىلەر........ شېرىن قۇربان 47

ئۆلكە تەسىس قىلىنىش هارپىسىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئەھۋالى.............................................................نۇرۇللا مۆمىن 59

يىپەك يولىدىكى بوياقچىلىق تېخنىكىسى.......................ماموت قۇربان 67

گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى توغرىسىدا ........... ئابدۇراھمان مۇھەممەت 73

ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەرمىلەر...........................رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 79

پاسسىپ ستىلىستىكا ۋە ئاكتىپ ستىلىستىكا...................يولۋاس راشىدىن 89

تىلنىڭ ئىخچاملاش ئىقتىدارى توغرىسىدا ................... رازاق مەتنىياز 96

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇقتا قىسقىرىش هادىسىسى توغرىسىدا............ .................... تاشپولات ئەبەيدۇللا 104

دەرسخانىدا سۆز مەنىسىنى قانداق شەرھلەش مەسىلىسى ھەققىدە...تۇرسۇنقىز ياسىن 109

قۇچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى توغرىسىدا...........ئەھمەت يەھيا 116

«قەدىمكى تۈرك ـ خوتەن ساك تىلى سۆزلۈكى» ھەققىدە........ئابلىكىم ياسىن 126

مىللىي نەشرىياتلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى .......................................................ئىلھام ئىبراھىم 134

دۇنيادىكي مىللەتلەر.......................................ئۆمەر موللا 139

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1993年 第2期

（总第54期）


## 目　　录


加快改革步伐尽快建立社会主义市场经济新体制………高尚全（克尤木·库尔班译）

论我国人民代表大会制的法律基础…………………………安思尔丁·穆萨耶夫

论问题及其逻辑结构…………………………………………库热西·马合木提

论说与想的关系………………………………………………阿衣夏木·阿不都拉

公民用本民族语言文字进行诉讼原则的具体应用……………阿里木·赛菲

浅谈劳教与劳改的界限………………………………………艾尔肯·托乎提

计划生育对深化改革的意义…………………………………穆娜瓦尔·马立克

关于竭盘陀古国的历史记载…………………………………西仁·库尔班

新疆建省前的内外情况………………………………………努鲁拉·莫明

丝绸之路上的印染技术………………………………………马木提·库尔班

论高尔基的初期创作…………………………………阿布都热合曼·穆罕默德

维吾尔人漫谈…………………………………………………热外都拉·艾木都拉

消极修辞与积极修辞…………………………………………尧乐瓦斯·热西丁

论语言的简化功能……………………………………………热扎克·麦特尼亚孜

论现代维吾尔语元音在语流中的脱落现象………………塔什甫拉提·艾拜都拉

论词语的课堂释义方法………………………………………图尔逊克孜·亚森

高昌回鹘时期的翻译活动……………………………………艾合麦提·叶合亚

关于《突厥语 — 于阗文汇词》……………………………阿布力克木·亚森

浅谈民文出版事业及其发展趋势…………………………伊力哈木·伊布拉音

世界的民族……………………………………………………乌买尔·毛拉

# ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى تېزرەك بەرپا

.ى)

ئىگىلىكى
ىمەنى
تېزرەك
، بايان

زدە ئىقتىسادىي
ىسىنى بەرپا
ئەھمىيەتكە ئىگە

جەھەتتە يېڭى
ىر ھالقىيدىغان
كۆرسىتىمدۇ.

شى

دىكەن نىمە؟
رنش ۋە بازارنى
، بازارنى بايلىق
ىمل ۋە ئۇسۇل
ئىبارەت ئاساسىي
شارائىتىدىكى بازار
لىشا ئالاھىدىلىك

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىغا تۈزىتىش

| بەت سانى | قۇر سانى: يۇقىرىدىن | قۇر سانى: تۆۋەندىن | خاتاسى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 13 | | 4 | 1 | ا |
| 16 | | 15 | تونۇشچە، | تونۇشچە |
| 16 | | 14 | تۈركچىسى» ئۇچۇن | تۈركچىسى» دەۋرى ئۇچۇن |
| 21 | | 9 | ىنسوب لۇق | منسوب لۇق |
| 32 | | 2 | كوت | كسوت |
| 47 | 9 | | تمكلىمەك | تمكلىمەك |
| 51 | | 13 | مۇسا پىسىدە | سۈپىتىدە |
| 23 | | 8 | $(-q з\ \cdot -ʁз)-kз\ \cdot -gз$ | $(-q\varepsilon\ \cdot -ʁ\varepsilon)-k\varepsilon\ \cdot -g\varepsilon$ |
| 30 | | 2 | اوينيه | اويينه |
| 43 | | 10 | توككرچى | توككوچى |
| 90 | 11 | | ئۇپغۇر | ئۇيغۇر |

www.uyghurkitap.com


# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1993年 第2期

（总第54期）


## 目 录


加快改革步伐尽快建立社会主义市场经济新体制………高尚全（克尤木·库尔班译）

论我国人民代表大会制的法律基础……………………………安思尔丁·穆萨耶夫

论问题及其逻辑结构……………………………………………库热西·马合木提

论说与想的关系…………………………………………………阿衣夏木·阿不都拉

公民用本民族语言文字进行诉讼原则的具体应用………………阿里木·赛菲

浅谈劳教与劳改的界限…………………………………………艾尔肯·托乎提

计划生育对深化改革的意义……………………………………穆娜瓦尔·马立克

关于羯盘陀古国的历史记载……………………………………西仁·库尔班

新疆建省前的内外情况…………………………………………努鲁拉·莫明

丝绸之路上的印染技术…………………………………………马木提·库尔班

论高尔基的初期创作……………………………………阿布都热合曼·穆罕默德

维吾尔人漫谈……………………………………………………热外都拉·艾木都拉

消极修辞与积极修辞……………………………………………尧乐瓦斯·热西丁

论语言的简化功能………………………………………………热扎克·麦特尼亚孜

论现代维吾尔语元音在语流中的脱落现象………………塔什甫拉提·艾拜都拉

论词语的课堂释义方法…………………………………………图尔逊克孜·亚森

高昌回鹘时期的翻译活动………………………………………艾合麦提·叶合亚

关于《突厥语 — 于阗文汇词》……………………………阿布力克木·亚森

浅谈民文出版事业及其发展趋势……………………………伊力哈木·伊布拉音

世界的民族………………………………………………………乌买尔·毛拉

# ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى تېزرەك بەرپا قىلىش لازىم

گاۋ شاڭچۈەن

(دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى تېزرەك بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىخچام، ئېنىق بايان قىلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلاتتا، مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دانا تەدبىردۇر. بۇ تەدبىر پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى بىلىش جەھەتتە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە شۇ ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىسلاھاتى ئۈچۈن مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى زور بۆسۈشتۇر

1. بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟

بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارنى خەلقئارالاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدىغان، بازارنى بايلىق مەنبەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئاپپاراتى قىلىدىغان شەكىل ۋە ئۇسۇل دېگەنلىكتۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بولسا سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي تۈزۈمدە چەك تۇرۇش شەرتى ئاستىدىكى بازار ئىگىلىكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكىدۇر. بازار ئىگىلىكى ئومۇمىيلىق، سوتسىيالىزم شارائىتى بولسا ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى مەسىلىسىدە، ئالدىنقى بىر باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە جەريانىدا تۈرلۈك چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بەزىلەر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ماكرولۇق باشقۇرۇش ئاستىدىكى بازار ئىگىلىكىدۇر، دېيىشتى. بۇ گەپ توغرا، لېكىن ھازىرقى بازار ئىگىلىكى ئەركىن كاپىتالىزم دەۋرىدىكى بازار ئىگىلىكى ئەمەس، دۇنيادا ھازىر تولۇق بازار ئىگىلىكى قالمىدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە بازارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش، بازارنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئارىلىشىپ، ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، شۇڭا ماكرولۇق باشقۇرۇشنى سوتسىيالىزمغىلا خاس نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ.

بەزىلەر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پىلانلىق بازار ئىگىلىكىدۇر، دېيىشتى. بۇ گەپمۇ توغرا، لېكىن ھازىرقى بازار ئىگىلىكى بۇرۇنقىدەك قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلىدىغان بازار ئىگىلىكى ئەمەس. پىلان سوتسىيالىزمغىلا خاس نەرسە ئەمەس، پىلان بولسىلا سوتسىيالىزم ھېسابلىنىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك كاپىتالىزمدا پىلان يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ پەرقىنى پىلانىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ ئايرىشقا بولمايدۇ.

بەزىلەر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدىكى بازار ئىگىلىكىدۇر، دېيىشتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە ھۆكۈمەت مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، لېكىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە بولمىغان دۆلەتلەردە ھۆكۈمەتنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. ياپونىيە، كورېيىلەردىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلمەكتە، ئۇلارنىمۇ سوتسىيالىستىك دۆلەت دېيىشكە بولامدۇ؟

بەزىلەر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىزمدۇر ياكى ئۇنى ئالدىغا چەكلەش سۆزى قاتمايلا بازار ئىگىلىكى دېيىش كېرەك، دېيىشتى. ئۇلار، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزم بولماي، بەلكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل شەكلى بولغان ئىكەن، ئۇنى كاپىتالىزمدىمۇ، سوتسىيالىزمدىمۇ يولغا قويغىلى بولىدۇ، ئالدىغا چەكلەش سۆزى قېتىلىپ قالسا، باشقا نەرسىنى يولغا قويغاندەك بولۇپ قېلىپ، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلالماي، قوبۇل قىلالماي قالىدىكەنمىز، دەپ ھېسابلىدى.

مۇھاكىمە ئارقىلىق مۇتلەق كۆپچىلىك يولداشلار مۇنداق تونۇشقا كەلدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن سۆز مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، ئۇنى كۆپچىلىك ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ. ھازىر «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» دېگەن سۆز پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي دوكلاتىغا كىرگۈزۈلۈپ بولدى.

2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى — پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زور تەرەققىياتى.

1984 ـ يىلى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك

ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدۇر، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى نەزەرىيە جەھەتتىكى زور بۆسۈش بولدى. ھازىر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. ئۇنىڭ داۋامى دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن بازار ئىگىلىكى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغان سۇبيېكتلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، بازار ئىگىلىكىمۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە بازار ئىگىلىكىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ راۋاجى دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن سۆز پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى دېگەن سۆزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىلمىي، نەزەرىيە جەھەتتە تېخىمۇ ئۈزۈل - كېسىلدۇر.

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن سۆز مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ئايلانمىسىنىڭ بازارنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلگىرى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تامامەن توغرا ئىدى، بىراق ئۇ ئاسانلا تۈرلۈك چۈشەنچىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. بەزىلەر پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى تاۋار ئاساسىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك دەپ چۈشەندى، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك ئىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشتى، ئۇ بازارنى ئاساس قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىك دېگەنلىكتۇر. پىلان بىلەن بازارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى توغرىسىدا ئىلگىرى بۇ ئىككىسىنى باشقا - باشقا ئىش دەپ قارايدىغان بىر خىل قاتمال نەزەرىيە بار ئىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇنداق قاتمال نەزەرىيەمۇ ئاساسسىز بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىدىن، تاۋار ئىگىلىكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ، بازار ئىگىلىكى بولسا، كۆپرەك، بايلىق مەنبەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ، دېمەك، ئىككىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ. بايلىق مەنبەلىرىنى بازار مېخانىزمى ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەكىتلىگەندە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىنى تاۋار ئىگىلىكى دېگەن سۆزگە قارىغاندا تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ ئىلمىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ بازارغا كىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال ئايلىنىشى ئەمگەك كۈچى، يەر، كان بايلىقلىرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ بازارغا كىرىشىنى ئاساسىي شەرت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەمگەك كۈچىنىڭ بازارغا كىرىشىدە، ئۇنىڭ شەكلىگە ئەمەس، ماھىيىتىگە، يەنى ئەمگەك كۈچى ياراتقان قىممەتنىڭ كىمنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتۈشىگە قارىلىدۇ. يەرمۇ شۇنداق.

3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى بازار ئىگىلىكىدۇر.

بەزىلەر، بازار ئىگىلىكى دېگەنلىك خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، كاپىتالىزملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، دەيدۇ، بۇنداق گەپنىڭ ئاساسى يوق. بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغىلا خاس نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ۋە ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئايلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاساسەن كاپىتالىزمنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇنىڭدا سوتسىيالىزممۇ ياكى كاپىتالىزممۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن مۈلۈكچىلىك ئاساسىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە پەرق قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى بازار ئىگىلىكىدۇر؛ كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى بولسا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن باغلانغان بولۇپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى بازار ئىگىلىكىدۇر. دەرۋەقە، ھازىرقى باسقۇچتىكى مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى ساپلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا گىرەلىشىش بولىدۇ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بەزىلىرى «B» پاي چېكى تارقاتقانلىقتىن، چەت ئەل كاپىتالى كىرىپ كېلىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا پاي چېكى تارقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت كارخانىلىرىمۇ ساپ بولماي قالىدۇ؛ بەزى كوللېكتىپ كارخانىلارغا دۆلەت كارخانىلىرى پاي قوشىدۇ، قانۇنىي ئىگىلەرمۇ، شەخسلەرمۇ پاي قوشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپ كارخانىلارمۇ ساپ بولماي قالىدۇ؛ بەزى خۇسۇسىي كارخانىلار شېرىكلىشىپ پاي قوشۇش يولىغا ماڭىدۇ، بۇنىڭغا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى پايلار قوشۇلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكنىڭ گىرەلىشىش نەتىجىسىدە، ئارىلاشما ئىگىلىك شەكىللىنىدۇ، بۇنداق يۈزلىنىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى شەرت. ھەر خىل مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىگىلىكتە قانچىلىك سالماقنى ئىگىلىسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى مەسىلىسىدە، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا قاراش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، تەقسىماتنىڭ باشقا شەكىللىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۈنۈم بىلەن ئادىللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئىجتىمائىي تەقسىمات ساھەسىدە، بىرىنچى قېتىملىق تەقسىمات ئارقىلىق ئۈنۈم جەھەتتىكى پەرق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق تەقسىمات ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئادىللىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

## ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى تېزرەك بەرپا قىلىش لازىم

1. كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، زامانىۋىلاشقان كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش شەرت. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، كارخانىلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى بازارنى مەركەز قىلىشى، كارخانىلار بازارنى چۆرىدەپ، ئۆزىنى بازار پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم. كارخانىلار بازارنى چۆرىدىمىسە، ئىشلەپچىقىرىشنى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىمىسە، مەغلۇپ بولىدۇ.

ئىككىنچى، كارخانىلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بېقىندىسى بولۇش ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان سۇبيېكتقا ئايلاندۇرۇش لازىم. كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىسا، جانلىنالمايدۇ، بۇ، كارخانىلاردا مېخانىزمنى ئالماشتۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان ئىش.

ئۈچىنچى، كارخانىلار پايدا يارىتىپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. كارخانىلار دۆلەتكە بايلىق يارىتىپ بېرەلمىسە، ھەممىدە دۆلەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىۋالسا، قانداق قىلىپ سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؟

تۆتىنچى، كارخانىلار بازاردا باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەتكە قاتنىشىپ، ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە باشقىلار ئۈستىدىن ئۈستۈنلۈك قازىنىشى لازىم. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلسا، چوقۇم ئەلالىرى غەلىبە قازىنىپ، ناچارلىرى شاللاپ تاشلىنىدۇ، كارخانىلار ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسە، دەسمايىسى قەرزگە چىقىش قىلماي، ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ۋەيران بولۇشقا تېگىشلىك كارخانىلارنى ۋەيران قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن زور كۆپ قىسىم كارخانىلارنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

2. باھا ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، تەرتىپلىك رىقابەت ئېلىپ بېرىلىدىغان بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

بازار ئىگىلىكى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ بازارغا كىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەبلەغ بازىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان زامانىۋى بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، مەبلەغ بازىرى، ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بازىرى، تېخنىكا بازىرى، مۈلۈك ھوقۇقى بازىرى ۋە ئۆي ـ يەر مۈلكى بازىرى قاتارلىق بازارلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھازىر ئۆي ـ يەر مۈلكى بازىرى ئەمدىلا بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، مەملىكەت بويىچە يەر بايلىقى مەنبەسىنىڭ 99 پىرسەنتى مەمۇرىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەقسىز ئايرىپ بېرىلىۋاتقاچقا، دۆلەتكە مالىيە كىرىمى يارىتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى دۆلەت يەنە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا، يەر ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخشىراق بىر تۈزۈلمە بولمىسا، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش تەس بولۇپ قالىدۇ.

باھا بازارنىڭ يادرولۇق ئامىلى، باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى پەيدىنپەي

بازارلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت بازارنى تەڭشەيدىغان، بازار باھانى بەلگىلەيدىغان باھا شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش لازىم. مونوپول قىلىنىدىغان ئاز سانلىق تاۋارلار ۋە جامائەت مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسىنى پەيدىنپەي قويۇۋېتىش كېرەككى، ئۇنى بازار ۋە كارخانىلار بەلگىلىسۇن.

مەبلەغ بازىرى بازار ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھازىرقى قەرز چېكى بازىرىنىڭ خەۋپ - خەتىرى ئازراق، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. پاي چېكى بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى كارخانىلارنىڭ پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك، ئۇنى بىراقلا كۆپەيتىۋەتمەي، سۈپىتى بىلەن ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. نۆۋەتتە، بوغالتىرلىق تۈزۈمى ۋە شىركەت نىزامنامىسىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشى، سودا ۋاسىتىلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق ئاساسىي خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن قەرز چېكى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ماسلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم.

3. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ماكرولۇق تەڭشەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

بازار ئىگىلىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش جەھەتتىكى رولىنى، پىلانلاش جەھەتتىكى رولىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ۋە پىلانلاش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ئۇنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش نىشانى، گېرمانىيىدە يولغا قويۇلغان ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكىگە ئوخشاش، بىرىنچىدىن، پۇلنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىككىنچىدىن، ئىشقا تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۈچىنچىدىن، خەلقئارا كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئۆسۈشىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت، ھۆكۈمەت ئاشۇ جەھەتلەردە ناھايىتى زور رول ئويناشى كېرەككى، كارخانا باشقۇرۇشتىكى ئوششاق - چۈشەك ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. بازار ئىگىلىكى ھەممىگە قادىر ئەمەس، ھەممە كېسەلنى ساقايتىدىغان شىپالىق دورىمۇ ئەمەس. بازار ئىگىلىكىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس چەكلىمىلىكى بار، يېتەرسىز ۋە ئۈنۈمسىز جايلىرى بار. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، بەزى دۆلەتلەر بازارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ، ئۈنۈمسىزلىكىنى تۈزىتىپ، بايلىق مەنبەلىرىنى سەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئارىلىشىشىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئورگانلارنى ئىخچاملاش لازىم. بۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى.

ئۇنداق بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، بۇرۇنقى بىۋاسىتە باشقۇرۇشتىن ۋاسىتىلىق باشقۇرۇشقا ئۆتۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، بۇرۇنقى مىكرولۇق باشقۇرۇشتىن ماكرولۇق باشقۇرۇشقا ئۆتۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، بۇرۇنقى ئىقتىسادنى، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئاساسەن ئىقتىسادىي پىشاڭلاردىن پايدىلىنىشقا، پىلانلاش،

ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشقا ئۆتۈش كېرەك، يەنى بازار باشقۇرالايدىغان ئىشلارنى بازارغا، كارخانا باشقۇرالايدىغان ئىشلارنى كارخانىغا بېرىش لازىم. بازار باشقۇرالمايدىغان ئىشلارنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، ماكرو جەھەتتە تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى، قۇرۇلما جەھەتتە سەرخىللاشتۇرغىلى بولىدۇ، كارخانىمۇ جانلىنىدۇ.

٤. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە ھەم يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، ھەم ئىجتىمائىي ئادىللىق ساقلاپ قېلىنىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت بولۇشى لازىم. ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ئىستراخوۋانىيىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىستراخوۋانىيىنىڭ دائىرىسىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىچىدىلا كېڭەيتىپ قالماي، كوللېكتىپ كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگىچە كېڭەيتىپ، ۋەيران بولغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە قىسقارتىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش كۈتۈپ تۇرغان مەزگىلدىكى ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ئىستراخوۋانىيىسى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ۋەيران بولۇش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى بىلەن كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۈتۈنۈش ئىستراخوۋانىيىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كۈتۈنۈش ئىستراخوۋانىيىسىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ئىشىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، شەخسلەرنى ئىستراخوۋانىيە مېبلىغىنى مىقدارىغا تاپشۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، كۈتۈنۈش ئىستراخوۋانىيىسىنى پۈتۈنلەي دۆلەت ۋە كارخانا ئۈستىگە ئالىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش لازىم. داۋالاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال تۈردە ئىلگىرى سۈرۈپ، داۋالاش - دورا خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى مۇۋاپىق تۈردە ئۈستىگە ئېلىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، داۋالاش خىراجىتىنى ئۈنۈملۈك تۈردە نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئورۇنسىز ئىسراپچىلىق ۋە چىقىملارنى ئازايتىش لازىم. بىر تۇتاش فاكچېن بەلگىلەش، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، تارقاق تەدبىر بەلگىلەپ، قەدەممۇ قەدەم بولۇپ يولغا قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆيلەرنى تاۋارلاشتۇرۇش لازىم.

٥. ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش ئىشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەردىن بىرى بازار تەرتىپىنى ئورنىتىش، كارخانا ھەرىكىتى بىلەن ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئالاقىدار بولغان قانۇن - تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. ھازىر، بەزى كارخانىلار زىيان تارتمۇاتقانلىقى ئۈچۈن تۇرسىمۇ، «تېخنىكىلىق بىر تەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش»، يەلى نېسى قىلىش، تەڭنەرقىنى تۆۋەن ھېسابلاش، ئامورتىزاتسىيە چىقىمىنى ئۇچۇن راسخوت قالدۇرماسلىق قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنى پايدا ئالغان قىلىپ كۆرسەتمەكتە. تەبىئىيكى، بۇنداق كارخانىلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، بۇ ئەھۋال بىزدە ئۇنۇملۇك بولغان بىر يۈرۈش نازارەتچىلىك تۈزۈمىنىڭ كەملىكىنى روشەن ئاشكارىلاپ بەردى. شۇڭا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش ئىشىنى تېزلىتىش لازىم.

## ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «مېڭىنى ئالماشتۇرۇش» لازىم دېگىنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، كاپىتالىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ دېگەن مەسىلىگە يېپىشىۋالماسلىق لازىم دېگەنلىكتۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەھەتتە بىزدە بىرەر تەييار ئەندىزە يوق. ماركسىزم ئىجادچىلىرى كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا ئورنىتىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە تاۋار ئىگىلىكى يوقىتىلغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، تاۋارنى، پۇلنى بىكار قىلىپ، بۇيۇملاشقان تەقسىماتنى يولغا قويۇش مۇمكىنلىكى توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، تەييار تۈزۈلمە ئەندىزىسىنى كۆرسىتىپ بەرمىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ھەربىي كوممۇنىزمى» تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىدا بۇيۇملاشقان تەقسىمات يولغا قويۇلغان، دۆلەت كارخانىلارغا قارىتا بۇيۇملاشقان تەمىنات تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ھەقسىز تەمىنلىگەن، مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان ۋە ئۇنى دۆلەت بىۋاسىتە تەقسىم قىلىپ، بازارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا ئارتۇق ئاشلىقنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ئارتۇق ئاشلىقىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈۋالغان. بۇنداق تۈزۈلمە جاھانگىرلىكنىڭ قورشاۋى ۋە قامال قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا، لېنىن كوممۇنىزم پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتنىڭ ئەمدىكى باسقۇچتا ئاقمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىر ئۇششاق دېھقانلار مەملىكىتىدە دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەھسۇلات تەقسىماتى كوممۇنىزم پرىنسىپى بويىچە تەڭشەلدى. رېئال تۇرمۇش بىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىمىزنى چۈشەندۇردى.» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ توم، 572 ـ بەت) شۇڭا ئۇ كېيىن تۇردە «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت»كە كۆچتى. «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى شۇ بولدىكى، تاۋار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پۇل ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بازارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى. ئارتۇق ئاشلىقنى يىغىۋېلىش تۈزۈمى باج تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، دۆلەتنىڭ دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەڭشىلىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەل مەبلىغى ۋە خۇسۇسىي كاپىتالدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، ئىجارىگە بېرىش ۋە

ئىجارىگە ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەزى كارخانىلار چەت ئەل كاپىتالىستلىرى ياكى خۇسۇسىيلارنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىلىپ، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش، چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش، كارخانا باشقۇرۇشنى ياخشىلاش قاتارلىق ئىشلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى. كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالمىدى. شۇنىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت بويىچە مېڭىۋەرگەن بولسا، ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. بىز قۇرۇلۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە «سول» چىللىقنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ كەلدۇق. بەزىلەر ھەمىشە تاۋارنى يوقىتىش، پۇلنى يوقىتىش ۋە قىممەت قانۇنىنى يوقىتىش كويىدا بولۇپ كەلدى. 1952 - يىلى ستالىن «سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تاۋار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر ئىلگىرىلەش بولدى، لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۇ، بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تاۋار ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئالاھىدە بىر خىل تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، «ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پەقەت شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ»، «ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بولسا تاۋارلىق خاراكتېرىنى يوقاتقان بولۇپ، تاۋار ھېسابلانمايدۇ» دەپ قارىدى. ئىككىنچىدىن، قىممەت قانۇنى ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا تەڭشىگۈچلىك رولىنى ئوينىمايدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە دۆلەت پىلانى بولسا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭشىگۈچىسىدۇر دەپ قارىدى. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش جەريانى ئۇششاق تاۋار مۇئامىلىسىنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ تارايتىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. تۆتىنچىدىن، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتە، پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل مەۋجۇت دەپ قارىدى، يەنە كولخوز مۈلۈكچىلىكىنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى سەۋىيىسىگە كۆتۈرمەكچى بولدى ھەمدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىدە بولمىغان ئىگىلىكنى چەتكە قاقتى. ستالىننىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى، شۇڭا، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويماقچى بولىدىكەنمىز، ئىدىيىنى ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلىپ، ئەسلىدىكى ستالىن نەزەرىيىسىنىڭ ئەندىزىسى ۋە رامكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، بۇنداق ئەندىزىنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان ئەندىزە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

ھازىر، دۇنيادا بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمەن ئۈچ خىل ئەندىزىسى بار: بىرى، گېرمانىيە ئەندىزىسى، بىرى، ياپونىيە ئەندىزىسى، يەنە بىرى، ئامېرىكا ئەندىزىسى.

گېرمانىيە ئەندىزىسى ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسى بولۇپ، بۇنىڭدا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى، مەسىلەن، «ئىجتىمائىي ئادىللىق»، «ئىجتىمائىي كاپالەت» قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىنغان، لېكىن ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلمىغان.

ئۇلار: بىرى، ئۇنۇم ئېلىپ كېلىدىغان بازار، يەنە بىرى، ئىجتىمائىي كاپالەتلىك، ئىجتىمائىي ئادىللىق ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياسىتىدىن ئىبارەت ئايرىلماس ئىككى ساھە بار، بۇ ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلسىلا، ئىجتىمائىي كاپالەتلىك، ئىجتىمائىي ئادىللىق قاتارلىق تەدبىرلەر بازار مېخانىزمى رولىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

ياپونىيە ئەندىزىسى جۇملىدىن كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەندىزىسى «ماسلاشتۇرۇش تىپىدىكى بازار ئىگىلىكى» ياكى «ئىجتىمائىي تەشكىللىك بازار ئىگىلىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ماكرولۇق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزئارا چەكلىشى ۋە ماسلىشىشى ئىزدىنىش ھەل قىلىنىپ، سانائەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلغان.

ئامېرىكا ئەندىزىسى «تارقاق تىپتىكى بازار ئىگىلىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھۆكۈمەت قانۇن ماددىلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش تەرتىپى ئارقىلىق بازار رىقابىتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، مەبلەغ سالغۇچىلار تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، يۇقىرى ۋە يېڭى سەۋىيىلىك تېخنىكا سانائىتىگە مەبلەغ سالىدۇ. مەبلەغ ئوبوروتى بىر قەدەر جانلىق بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

يۇقىرىدىكىلەر ھازىر كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىنىڭ ئاساسلىق ئۈچ تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئەندىزە ئۇسۇل جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىز جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى ئۇسۇلىنى، دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، تەرەققىياتى تېزرەك بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئىلگىرىلىگەن. قايسى دۆلەت بېكىنىۋالسا، شۇ دۆلەت ئارقىدا قالغان; قايسى دۆلەتنىڭ ئېچىۋېتىش دەرىجىسى چوڭ بولسا ۋە ئۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىرىنى ئۆگىنىشكە ماھىر بولسا، شۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان. دېمەك، بىز كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ پايدىلىق بولغان بارلىق تىجارەت ئۇسۇلى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەينەك قىلىشتا، ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشىمىز، يەنىمۇ دادىلراق بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئىنسانىيەت ياراتقان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدۇر. بىز باشقىلارنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ كەم يەرلىرىمىزنى تولدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىمىزنى تېزرەك بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

(«نۇرلۇق گېزىتى»نىڭ 1992 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: قەييۇم قۇربان

# مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ قانۇن ئاساسلىرى توغرىسىدا

ئەنسەردىن مۇسايوۋ

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئاساسىي قانۇن مەملىكىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ قانۇن ئاساسى ئىكەنلىكى ھەمدە مەخسۇس خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە دائىر بولغان تەشكىلىي قانۇن، سايلام قانۇنى ۋە ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، مۇھىم پرىنسىپلىرى ۋە ئاساسىي رولى بايان قىلىنىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — مەملىكىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. بۇ تۈزۈم پارتىيىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا بارغانسېرى زور رول ئويناپ كەلمەكتە. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ قانۇن ئاساسلىرىنى چۈشىنىۋېلىش بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشتا، ئۇنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايەن قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## بىرىنچى، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ رەسمىي تۇرغۇزۇلغان تۈزۈمدۇر

يولداش ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، جۇڭگودا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ھەمدە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى قوللىنىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ قىياسى كېيىن رېئاللىققا ئايلاندى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق ئازادلىققا ئېرىشىپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئاساسىدا، 1954 - يىل 8 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1226 نەپەر ۋەكىلى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى؛ 9 - ئايدا، 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈتكۈزۈلدى، يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنى ماقۇللاندى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى تۈزۈپ چىقىلدى، مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى سايلاپ چىقىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى مەملىكىتىمىزدە رەسمىي تۇرغۇزۇلدى.

## ئىككىنچى، ئاساسىي قانۇن — مەملىكىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ قانۇن ئاساسى

يولداش ماۋزېدۇڭ 1954 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا ئاساسىي قانۇننىڭ دەسلەپكى لايىھەسى توغرىسىدا قىلغان سۆزىدە: «بىر تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى بولۇشى كېرەك. بىر دۆلەتنىڭمۇ نىزامنامىسى بولۇشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن شۇنداق بىر باش نىزامنامە، تۈپ چوڭ قانۇن، خەلق دېموكراتىيىسى ۋە سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنى ئاساسىي قانۇندىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر تۈپ چوڭ قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئېنىق يولغا ئىگە قىلغاندا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مېڭىشقا بولىدىغان ئېنىق، روشەن ۋە توغرا يولنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرغاندا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ» ① دېگەنىدى. بۇ سۆزدە ئاساسىي قانۇننىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولى ناھايىتى ئېنىق، چۈشىنەرلىك بايان قىلىنغان.

ھازىرقى ئاساسىي قانۇنىمىز: «بۇ ئاساسىي قانۇندا جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش نەتىجىلىرى قانۇن شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بەلگىلەندى، بۇ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، بۇ ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە» ② دەپ يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى ۋە يېڭى تارىخىي مەزگىلدە دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئەلنى ئامان قىلىشىمىزنىڭ باش نىزامنامىسى ئىكەنلىكى روشەنلەشتى. ئاساسىي قانۇننى ئادەتتىكى قانۇنلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچىدىن، مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى (دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمى، تۈپ مەدەنىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلار)، تۈپ ۋەزىپىسى (سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار) بەلگىلىنىدۇ؛ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بەلگىلىنىدۇ. ئاتاپ ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەر بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتىكى قانۇنلاردا بولسا دۆلەت تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم بىرلا جەھەتتىكى مەسىلىسى بەلگىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قانۇن كۈچى جەھەتتىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇن ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە.

ئاساسىي قانۇندا: «مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر قايسى پارتىيىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى قىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم» ③ دەپ بەلگىلەندى. بۇ يەردىكى «ھەر قايسى پارتىيىلەر» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقى، خەلقنىڭ بىر قىسمى بولغان كومپارتىيە ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قانۇندىكى بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە پارتىيە نىزامنامىسىدىكى «پارتىيە ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە بىلەن بىردەك، بۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بىر مۇنچە دۆلەتلەر ھەل قىلمىغان ياكى ئېنىق ھەل قىلمىغان پارتىيە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق زور مەسىلە قانۇن جەھەتتىن ھەل قىلىندى، بۇ زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي قانۇن ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنىڭ ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسى ۋە ئاساسى. ئاساسىي قانۇندا: «دۆلەت سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ» ④ دەپ بەلگىلەندى. نەدە بىرلىككە كېلىدۇ؟ ئاساسىي قانۇندا بىرلىككە كېلىدۇ. قانۇن بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت ئانا، قانۇن پەرزەنت. قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇن ئانا، ئادەتتىكى قانۇنلار پەرزەنت؛ خۇددى كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئېيتقىنىدەك، ئاساسىي قانۇن «ئانا قانۇن»، ئادەتتىكى قانۇنلار بولسا «بالا قانۇن». بارلىق قانۇن، مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك نىزاملار ئاساسىي قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

ئاساسىي قانۇندا: «ئاساسىي قانۇنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ تەكلىپى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ» ⑤ دەپ بەلگىلەندى. ئادەتتىكى قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش بولسا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتىدۇ ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىي قانۇننى ئۆزىنىڭ تۈپ قانۇن ئاساسى قىلىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقى بويىچە، ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە باشقا قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

ئاساسىي قانۇندىن باشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى توغرىسىدا يەنە بىر قانچە مەخسۇس قانۇنلار بار.

## ئۈچىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى

بۇ قانۇن يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئاساسلىق قانۇن بولۇپ، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى قانۇن ئاساسى.

يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، تەشكىللىنىشى، ۋەكالەت مۇددىتى، خىزمەت ھوقۇقى، پائالىيەت پىرىنسىپى، خىزمەت تەرتىپى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. ئۇنىڭدا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا بىر قەدەر كونكرېت بەلگىلىمىلەر بار. يەرلىك تەشكىلىي قانۇن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## تۆتىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى

بۇ قانۇن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قانداق سايلىنىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان قانۇن، دۆلەت ئاپپاراتلىرى توغرىسىدىكى ئاساسلىق قانۇن.

### 1. مەملىكىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى — مەملىكىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى

سايلام دېگەن بەلگىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز ۋەكىلىنى ياكى رەھبىرىنى تاللاپ چىقىش جەريانىدۇر.

سايلام تۈزۈمى دېگەن ئەشۇنداق سايلامنىڭ پرىنسىپى، تەرتىپى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر.

مەملىكىتىمىزنىڭ سايلام قانۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى توغرىسىدىكى قانۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشىنىڭ پرىنسىپلىرى، تەرتىپى ۋە ئۇسۇللىرى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

سوتسىيالىستىك سايلام تۈزۈمى — ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا تىكلەنگەن بىر

خەلق دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك مەملىكىتىمىزدە پۇختىلا تۇرغۇزۇلغان بولغاچقا، بىزدە مال-مۈلۈككە تايىنىپ سايلامنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالىدىغان، سايلامنى سېتىۋالىدىغان شەرت-شارائىت تۈپ-ئاساسىدىن تۈگىگەن؛ ھەقىقىي باراۋەر، ئادىل بولغان سايلام تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا شەرت-شارائىت ھەم كاپالەت ھازىرلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك سايلام تۈزۈمىمىز ئىنسانىيەت تارىخىدا ھازىرغا قەدەر بولغان ئەڭ ئەۋزەل سايلام تۈزۈمى، ھەقىقىي دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىدۇر.

مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمى سايلام تۈزۈمى، قانۇن چىقىرىش تۈزۈمى، مەمۇرىيەت تۈزۈمى، ئەدلىيە تۈزۈمى، سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى، ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادرولۇق مەزمۇنى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى، دۆلەتنىڭ بارلىق ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تۈپ-ئاساسلىقى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش. خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش يولى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق سايلام ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەشكىللەپ، شۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى خەلققە ۋەكالىتەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يۈرگۈزىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ؛ ئۇلار شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى خەلق سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولغاچقا، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولغانلىقى، ئۇنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولغانلىقى خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولغانلىقى، خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ سايلام تۈزۈمىمىز مەمۇرىي، سوت ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنى مەڭگۈ خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىدە قويۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

## 2. مەملىكىتىمىز سايلام تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپلىرى

مەملىكىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىدە بەش تۈرلۈك پرىنسىپ بار:

(1) ئومۇمىيلىق پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، بىزدە سايلام ھوقۇقىنىڭ دائىرىسى كەڭ. بۇ ھەقتە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 34-ماددىسىدا ۋە سايلام قانۇنىنىڭ 3-ماددىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئىككىنچىدىن، سايلاش ھوقۇقى بىلەن سايلىنىش ھوقۇقى بىردەك بولۇپ، سايلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھوقۇقىغا ئىگە پۇقرالار سايلىنىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە. ئۈچىنچىدىن، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقى قانۇن بويىچە چەكلىنىدۇ. ئاشۇنداق ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە چەكلەش زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكنى مەقسەت قىلىدۇ.

(2) باراۋەرلىك پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ مۇنداق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ھەربىر سايلىغۇچى ياكى ۋەكىل بىر سايلامدا بىرلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. دېمەك بارلىق سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر سايلامدا باراۋەر ھالدا ئاۋاز بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، سايلام بېلەتى ئالدىدا ھەربىر سايلىغۇچىنىڭ سايلىنىش ھوقۇقى باراۋەر؛ قانۇن بويىچە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ھەربىر پۇقرا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، ۋەكىللەر سانى ھەر مىللەت، ھەر رايون، ھەر ساھەدىن مۇۋاپىق ساندا ۋەكىل بولۇش پرىنسىپى بويىچە بېكىتىلىپ، ھەر مىللەت، ھەر رايون، ھەر ساھە باراۋەر سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، سايلام ھوقۇقىنىڭ باراۋەرلىكى مۇتلەق باراۋەرلىك ئەمەس، بەلكى نىسپىي باراۋەرلىك. بۇ، سايلام قانۇنىدا بەلگىلەنگەندەك، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا شەھەر ۋە يېزىدىن سايلانغان ھەربىر ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس سانىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق بەلگىلەش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى قوغداش، ھەر ساھەنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، سايلام ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىي ماھىيەت جەھەتتىن باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(3) بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاسىتىلىق سايلامنى بىللە قوللىنىش پرىنسىپى. بىۋاسىتە سايلام دېگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار سايلام رايونى بويىچە بېلەت تاشلاپ سايلاپ چىقىشقا قارىتىلغان.

ۋاسىتىلىق سايلام دېگەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلام ئورنى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلىنى سايلاپ چىقىشقا قارىتىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاسىتىلىق سايلامنى بىللە قوللىنىش ئەمەلىي دېموكراتىيىنى كۆزدە تۇتۇشتەك ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(4) مەخپىي سايلام پرىنسىپى. مەخپىي سايلام دېگەن يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش سايلىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ۋەكىللەرنىڭ تاشلىغان سايلام بېلەتىدە كىمنى سايلىغانلىقى، كىمنى سايلىمىغانلىقى باشقىلارغا ئاشكارا بولمايدۇ؛ سايلام بېلەتىگە ئىمزا قويۇلمايدۇ ھەمدە سايلام بېلەتىنى سايلىغۇچى ئۆزى ئالاھىدە تەييارلانغان بېلەت ساندۇقىغا تاشلايدۇ. مەخپىي سايلام پرىنسىپى سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئەركىن بايان قىلىشىنى، ئۆزى ئىشەنگەن كىشىنى سايلىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، مەملىكىتىمىز سايلام تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىك ھەم چىنلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(5) سايلام ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش پرىنسىپى. بىزنىڭ سايلام تۈزۈمىمىزدە،

سايلىغۇچىلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بەلگىلىمىلەر مۇنۇ جەھەتلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، ماددىي كاپالەت. سايلام قانۇنىدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام راسخوتىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئىككىنچىدىن، تەرتىپ كاپالىتى. سايلام قانۇنىدا، سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىنى سايلام كۈنىدىن 30 كۈن ئىلگىرى، دەسلەپكى نامزاتلار ئىسىملىكىنى 20 كۈن ئىلگىرى، رەسمىي نامزاتلار ئىسىملىكىنى بەش كۈن ئىلگىرى ئېلان قىلىش بەلگىلەنگەن؛ يەنە سايلام ھەيئىتى سايلىغۇچىلار ئىسىملىكى توغرىسىدىكى ئەرز - پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۈچ كۈن ئىچىدە قارار چىقىرىشى كېرەكلىكى، ھەرقايسى پارتىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا ۋەكىل نامزاتى كۆرسەتسە بولىدىغانلىقى، سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرنى ئوندىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ۋەكىل نامزاتى كۆرسەتسىمۇ بولىدىغانلىقى ... بەلگىلەنگەن. ئۈچىنچىدىن، قانۇن-ئىنتىزام كاپالىتى. سايلام قانۇنىدا: زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، پارا بېرىش قاتارلىق قانۇنسىز ئۇسۇللار ئارقىلىق سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ياكى سايلىغۇچىلارنىڭ، ۋەكىللەرنىڭ سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقىنى ئەركىن يۈرگۈزۈشىگە زىيان يەتكۈزگەنلەرگە، سايلام ھۆججەتلىرىنى يالغاندىن ياساپ چىققان، سايلام بېلەتى سانىنى يالغان مەلۇم قىلغان ياكى قانۇنغا خىلاپ باشقا قىلمىشلاردا بولغانلارغا، سايلامدا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بارلار ئۈستىدىن ئەرز قىلغان، ئۇلارنى پاش قىلغانلاردىن ... ئۆچ ئالغان ۋە ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتكەنلەرگە قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا ياكى جىنايى جازا بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان.

### 3. مەملىكىتىمىز سايلام تۈزۈمىنىڭ رولى

بىزنىڭ سايلام تۈزۈمىمىز خەلقنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە تاللاش ۋە ئالماشتۇرۇشتەك سىياسىي ھوقۇق ھەم قانۇن ۋاستىسىدىن بەھرىمەن قىلىپ، خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە رولىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقى پۇقرالارنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ھوقۇقتۇر. بىزنىڭ سايلام تۈزۈمىمىز خەلقنى مۇشۇنداق مۇھىم سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلدى ھەمدە ئۇنى سايلام قانۇنىنىڭ قېلىپلاشقان تەلىپى ۋە مەجبۇرلاش رولى ئارقىلىق قانۇن بەلگىلىمىسى قىلىپ بېكىتتى.

مەملىكىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇڭا قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان نۆۋەتلىك سايلام مەملىكىتىمىزدە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان مېخانىزم بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ سايلام تۈزۈمىمىز بيۇروكراتلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى ناچار ئۇسۇللارنى تازىلاش ۋە چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، تىرىشچان ھەم مەسئۇلىيەتچان قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق. سايلام قانۇنىدا: سايلىغۇچىلار ۋە سايلىغۇچى ئورۇننىڭ ئۆزى سايلىغان ۋەكىللەرگە نازارەتچىلىك قىلىش، ئۇلارنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىش ۋە

ئالماشتۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن؛ شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەركىبىدىكىلەر، سوت ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئەگەر خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ياكى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلسا، خەلق ئۆزلىرى سايلىغان ۋەكىللەر ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئۇلارنى قالدۇرۇۋېتىدىغانلىقى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئارقىلىق ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

## بەشىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇنى

بۇ قانۇننىڭ تۈزۈلگەنلىكى، ئېلان قىلىنغانلىقى ۋە يولغا قويۇلغانلىقى ئېلىمىز دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىمۇ زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى؛ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمنىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ يەنىمۇ قانۇنلىشىش، تۈزۈملىشىش يولىغا چۈشكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

مەخسۇس خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بۇ قانۇندا، ئاساسىي قانۇن ئاساس قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەسىلىسىگە دائىر قانۇن بەلگىلىمىلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى، سىستېمىلاشتۇرۇلدى ھەم تۈزۈملەشتۈرۈلدى. بۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

ۋەكىللەر قانۇنىدا ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ئورنى، مۇھىم رولى توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 2 - ماددىسىدىلا ئېنىق قىلىپ: ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك «دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملاردۇر» دەپ بەلگىلەندى. بۇنداق بەلگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور، ئەمەلىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكىتىمىز سىياسىي ھاياتىدىكى خاراكتېرى، ئورنى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم ئېنىقلىما بېرىلدى؛ ۋەكىللەرنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىكەنلىك ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بۇ بەلگىلىمە خەلقنىڭ خوجا ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋەكىللەر قانۇنى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئىلگىرى قانۇندا، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغاچقا، بەزى جايلاردا ۋەكىللەرنىڭ يىغىن ئارىلىقىدىكى پائالىيەتلىرى بىر خىل قوشۇمچە خىزمەت دەپ قارىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ يىغىن ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تېگىشلىك كاپالەتلىك قىلىنمىغانىدى. ئەمدى شۇنداق كاپالەتنىڭ بولۇشى ئۈچۈن، ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 6 - ماددىسىدا: «ۋەكىللەرنىڭ مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى مەزگىلىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرى ئارىلىقىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمۇ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن، ۋەكىللەرنىڭ

ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ مەزمۇنى مەسىلىسى قانۇن نۇقتىسىدىن ھەل قىلىندى.

ۋەكىللەر قانۇنى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ بەردى. ۋەكىللەر قانۇنىدا: ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئەدلىيە جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا بەزى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى، بۇ بىرىنچىسى. ئىككىنچىدىن، ۋەكىل تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋەكىلنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنلىرى ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى ۋاقىت جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. ئۈچىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت راسخوتىنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش كېرەك دەپ بەلگىلەندى. تۆتىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەملىشىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقانلارغا، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلارغا، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەكىللەرگە زەربە بەرگەن ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلارغا جازا بېرىش چارىلىرى ئېنىق بەلگىلەندى.

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىدا يەنە: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ»، «... كۆزدىن كەچۈرگەندە، شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. كۆرۈشكەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان مەسئۇل خادىم ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. بۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ئىشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پايدىلىق؛ ئۇلارنىڭ ئۇنۇملۇك ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق.

* * *

ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى بىر دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئالامەت.

شۈبھىسىزكى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ تولۇق ئەمەل قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى يۇقىرىقىدەك جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىمىزنى يەنىمۇ ئۇلغايتىدۇ؛ پارتىيىمىزنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ زور قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشىنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ھەم كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ.

---

**ئىزاھات:**

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 230 - بەت.

② ③ ④ ⑤ «خەلق ۋەكىللىرى خىزمىتى قوللانمىسى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 - ۋە 8 - بەتلەر.

# سوئال ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا

كۈرەش مەھمۇت

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، سوئالنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى، سوئال تۈرى، سوئالغا قويۇلىدىغان تەلەپ، جۈملىدىن سوئالنىڭ تەپەككۇردىكى ئورنى ۋە فۇنكسىيىلىك رولى بايان قىلىنىدۇ.

كىمكى سوئالنى چاغلاپ سورىمسا،
ئاچچىق جاۋاب ئاڭلايدۇ.
— شەيخ سەئدى «گۈلىستان» دىن.

سوئال كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئالاقىلىشىش پائالىيەتلىرىدە، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا ئەڭ كەڭ قوللىنىدىغان بىر خىل پىكىر شەكلى.

سوئال ھازىرقى زامان لوگىكىسىدا سوراق جۈملە لوگىكىسى ياكى قىسقارتىلىپ سوئال لوگىكىسى دەپ ئاتىلىدۇ. تەۋەلىك جەھەتتە، ئۇ تەتبىق لوگىكىسى ئىچىدىكى بىلىش لوگىكىسىنىڭ بىر يېڭى تارمىقى. ئۇنى تەبىئىي تىل لوگىكىسىنىڭ بىر تارمىقى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ سوئال بىلەن جاۋاب ئارىسىدىكى ھەر خىل لوگىكىلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ.

لوگىكا نۇقتىسىدىن سوئالنى شەرھلەش ياكى سوئالغا جاۋاب بېرىش زامانىمىزنىڭ يېڭى ئىجادىيىتى ئەمەس. لوگىكا تارىخىدىن ئالغاندا، ئۇ خېلىلا قەدىمكى زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا، مەيلى شەرقتە بولسۇن، ياكى غەربتە بولسۇن، لوگىكا نەزەرىيىسى كەسكىن مۇنازىرە ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئېنگېلسنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «فورمال لوگىكىنىڭ ئۆزى ئارىستوتېلدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى قەدەر جىددىي تالاش ـ تارتىشلارنىڭ سەھنىسى بولۇپ كەلدى.»① ھالبۇكى، مۇھاكىمە ـ مۇنازىرىلەرنىڭ تەتقىقاتى سوئاللارنى لوگىكىغا ئۆيغۇن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن سوئاللارغا لوگىكىغا ئۇيغۇن جاۋاب بېرىش مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. لوگىكا ئىلمىنىڭ پىرى دەپ ئاتالغان ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 384 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 322 ـ يىللاردا ياشىغان) نىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان بولۇپ، ئۇ يەنىلا مۇئەييەن رول ئوينىماقتا. لېكىن

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 465—466 ـ بەتلەر.

سوئالغا ئائىت مەسىلەرنى رەسمىي مەسىلە سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇ ھەقتە كەڭ، ئەتراپلىق ۋە قىممەتلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىش كونا زاماننىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى ھازىرقى زاماننىڭ ئىشىدۇر. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان لوگىكىشۇناسى كەيىس ئەپەندى مۇشۇ ساھەدە ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان كاتتا ئەرباپتۇر.

سوئال قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان بىر خىل پىكىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەپەككۇردا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭدىكى مەقسەت بىلمىگەننى بىلىشتۇر. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سوئالغا ئائىت بىر قىسىم لوگىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتىدۇر.

## 1. سوئال ھەققىدە قىسقىچە بايان

### (1) «سوئال» نىڭ ئېنىقلىمىسى

سوئال جاۋاب ياكى چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر. سوئال لوگىكىدا تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ لوگىكا ئىلمىدا سوئال لوگىكىسى دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىستېمال مەنىسىدىن ئالغاندا، بىلمىگەن نەرسىلەرنى (مەسىلىلەرنى) ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن مۇناسىپ جاۋاب ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى سوئال دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ساغلام سوئالدا بىرى، بىلمىگەن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، يەنە بىرى، بىلمىگەن مەسىلىلەرنى بىلىش مەقسىتىدە مۇناسىپ جاۋاب ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئەسقەر ئوقۇتقۇچىمۇ؟»، «قۇياش سىستېمىسىدا قانچە خىل سەييارە بار؟» دېگەن جۈملىلەر ئادەتتە سوئال دېيىلىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا، سوئال ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلى. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر قېتىملىق دەرس ئالدىدا ئوقۇغۇچىلاردىن سوئال سورىشى، دەرس سۆزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى ئوقۇتقۇچىدىن سورىشى ۋە ئىمتىھان سوئاللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ....قىسقىسى، سوئال ئوقۇتۇش جەريانىدىكى مۇھىم ھالقىلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە سوئال ئامبىرى تەسىس قىلىنماقتا. سوئال بىر خىل پەن سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى نامايەن قىلماقتا. سوئال مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇ ھەقتە مۇناسىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، كىشىلەرنىڭ سوئال سوراش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە كۈن تەرتىپكە قويۇلما بولمايدىغان جىددىي ۋە تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

### (2) سوئالنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى

ھەر قانداق بىر سوئال بىلىنگەن تەركىب بىلەن بىلىنمىگەن تەركىبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. بىلىنمىگەن تەركىب سوئالدا سورىلىدىغان ھەم جاۋاب تەلەپ

قىلىدىغان تەركىب بولۇپ، ئۇ سوئالنىڭ يادرولۇق قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سوئال سوراق ئالماشلىرى بولغان «نېمە»، «قانداق»، «نېمە ئۈچۈن»، «نېمە سەۋەبتىن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ۋە سوراق ئۇلانمىلىرى بولغان «مۇ»، «مىدۇ» ھەم سوراق بەلگىسى «؟» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىلىنگەن تەركىب دېگەندە، سوئالنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە سوئالدا يوشۇرۇنغان ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ. سوئالدىكى بىلىنگەن تەركىب سوئالنى تىكلىگۈچى ئاساس بولۇپ، بۇ ئاساس بولمىسا، سوئال شەكىللىنەلمەيدۇ. ئالايلۇق، «قۇياش سىستېمىسىدا قايسى سەييارىلەر بار؟» دېگەن سوئالدا «قۇياش سىستېمىسى»، «سەييارىلەر» دېگەن ئۇقۇملار ۋە «قۇياش سىستېمىسى مەۋجۇت»، «قۇياش سىستېمىسىدا نۇرغۇن سەييارىلەر بار» دېگەندەك يوشۇرۇن ھۆكۈملەر بىلىنگەن ياكى ئايان بولغان تەركىبلەر ھېسابلانسا، قۇياش سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى سەييارىلەرنىڭ ناملىرى بىلىنمىگەن ياكى ئايان بولغۇسى تەركىب ھېسابلىنىپ، مەزكۇر تەركىب «قايسىلار» دېگەن سوراق ئالماش بىلەن سوراق بەلگىسى «؟» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

بىلىنمىگەن تەركىب سوئالنىڭ لوگىكىلىق نۇقتىسى بولۇپ، ئۇ بىر بولسا ھۆكۈملەنگۈچىدە، بىر بولسا ھۆكۈملىگۈچىدە، بىر بولسا باغلىغۇچىدا گەۋدىلىنىدۇ. سوئالدا سوئالنىڭ لوگىكىلىق نۇقتىسى يېشىلدى دېگەنلىك، سوئالغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىلدى دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، سوئال قويغاندىمۇ، سوئالغا جاۋاب بەرگەندىمۇ سوئالنىڭ لوگىكىلىق نۇقتىسىنى ئىگىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. لوگىكىلىق نۇقتىسى ئېنىق بولمىغان سوئال كېسەل سوئال ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق سوئالنى ئاۋۋال لوگىكىلىق جەھەتتىن داۋالاپ ساقايتىپ، ئاندىن قارشى تەرەپتىن جاۋاب تەلەپ قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، قارشى تەرەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سوئال ئالدى بىلەن ساغلام بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى «ساغلام» لىق ئەلۋەتتە سوئالنىڭ لوگىكىلىق نۇقتىسىغا قارىتىلغان.

### (3) سوئال ۋە ھۆكۈم

ھۆكۈم تەپەككۇر ئوبيېكتلىرى ئۈستىدە بىرەرنەرسە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن پىكىر شەكلى. سوئال بولسا، تەپەككۇر ئوبيېكتلىرى ئۈستىدە بىرەرنەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت ۋە نىشان قىلمايدۇ. مۇشۇ خاراكتېرىدىن ئايانكى، سوئال ھۆكۈم ئەمەس. سوئال بىلەن ھۆكۈم لوگىكىلىق خاراكتېرى جەھەتتىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ. لېكىن سوئال بىلەن ھۆكۈم يەنە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇنداق باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ھۆكۈم ← سوئال ← ھۆكۈم

بۇ فورمۇلىدىكى «ھۆكۈم ← سوئال» نى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: ھەر قانداق بىر سوئال چوقۇم مۇئەييەن بىر ھۆكۈمنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ھۆكۈم سوئال تەركىبىدىكى ئايان بولغان يوشۇرۇن ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ. تەپەككۇرى جايىدا بولغان ھەرقانداق بىر نورمال ئادەم سوئال قويۇشتىن ئىلگىرى سوئالغا ئالاقىدار ئوبيېكت توغرۇلۇق مۇئەييەن بىلىشكە

ئىگە بولىدۇ، سوئال مانا مۇشۇ بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ سوئال ئايان بولغان بىلىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھېچقانداق بىلىش ئاساسى بولمىغان سوئال نورمال تەپەككۇرلۇق كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقمايدۇ. ئالايلۇق، ئەگەر بىر كىشى «قۇياش سىستېمىسى»، «سەييارىلەر» دېگەن نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە، ئۇ ھەرگىزمۇ «قۇياش سىستېمىسىدا قايسى سەييارىلەر بار؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ.

فورمۇلىدىكى «سوئال ⟵ ھۆكۈم» نى ھەرقانداق بىر سوئال ھۆكۈم ئارقىلىق جاۋاب ئېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ چۈشىنىش كېرەك. شۇڭا، سوراقتا جاۋاب ھۆكۈمدۇر. دېمەك، سوئال بىلەن جاۋاب ئارىسىدا لوگىكىلىق باغلىنىش بولىدۇ، بۇ خىل لوگىكىلىق باغلىنىشنى ئاشكارىلاش جەريانى ئەمەلىيەتتە سوئالغا جاۋاب قايتۇرۇش جەريانى بولۇپ، بۇ سوئال لوگىكىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

ھۆكۈمدىن سوئالغا ئۆتۈش، سوئالغا ھۆكۈم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش، مانا بۇ سوئال بىلەن ھۆكۈمنىڭ زىچ باغلىنىشلىقى.

## (4) سوئال ۋە تىل

بۇ يەردىكى «سوئال ۋە تىل» مۇھىمى، سوئالنىڭ تىل شەكلىگە، تېخىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، سوئالنىڭ تىلدىكى ئىپادىلىنىش شەكلىگە قارىتىلغان. سوئال تىلدا سوراق جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى) دا سوراق جۈملىلەر ئۆزىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئوچۇق سوراق جۈملە، گۇمانىي سوراق جۈملە، قارشىلىق سوراق جۈملە، ئۈندەش سوراق جۈملە ۋە تەسۋىرىي سوراق جۈملە دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنگەن. بۇلار تەپەككۇردىكى سوئال شەكىللىرى بىلەن ئاساسەن ماس كېلىدۇ. لېكىن يۇقارقىدەك بۆلۈش ئومۇمىي ئەھۋالغىلا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شەكلى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئىپادىلىگەن مەزمۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىنىغان. ئالايلۇق، سوراق جۈملە ئىچىدىكى قارشىلىق سوراق جۈملە (توغرىسى قايتۇرما سوراق جۈملە دېگەن ياخشى) قارىماققا سوراق (شەكلى سوراق) بولسىمۇ، مەزمۇنى سوراق بولماستىن، بەلكى سوراقتا سوراق شەكلى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان، ئۇنۇمى بايان جۈملىدىنمۇ يۇقىرى بولغان بىر خىل كېسىم جۈملىدۇر. يەنى ئوبيېكت ئەھۋالى ھەققىدە بىرنېمە راۋرۇس مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن، «سەن مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرمەسمەن؟» دېگەن سوراققا «نېمە دەپ ياخشى كۆرمىگىدەكمەن؟» دېگەن قايتۇرما سوراق جۈملە شەكلى بىلەن قايتۇرغان جاۋاب «ياخشى كۆرىمەن» دېگەن بايان جۈملە شەكلى بىلەن قايتۇرغان جاۋابتىن زىيادە كەسكىندۇر، ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى گەپ قايتۇرما سوراق جۈملىدىكى ھۆكۈم ئاشكارە كەلمەستىن، بەلكى يوشۇرۇن كەلگەنلىكىدە.

يەنە بىر ئەھۋالمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ بەزى جۈملىلەرنىڭ شەكلى سوراق جۈملە ئەمەس، ئەمما بىر شەكىلدىن مەزمۇنغا، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە

www.uyghurkitap.com

ئۆتسەك، شۇ جۈملىلەردە قويۇق سوراق ئاھاڭىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بەزىدە مەلۇم مەقسەت ۋە ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، بۇيرۇق جۈملە ئارقىلىقمۇ سوئالنى ئىپادىلەشكە تامامەن بولىدۇ. يەنى شۇ جۈملىنىڭ شەكلى بۇيرۇق جۈملە بولسىمۇ، مەزمۇنى سوراق جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن، ساقچى خادىملىرى جىنايەتچىنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندا: «جىنايى قىلمىشلىرىڭنى ئېيت!» دېگەن بۇيرۇق جۈملە بىلەن ئېغىز ئاچىدۇكى، ھەرگىزمۇ «جىنايى قىلمىشلىرىڭ بارمۇ؟» دېگەن سوراق جۈملە بىلەن سوراق قىلمايدۇ. دېمەك، مۇشۇ تىل مۇھىتىدا ساقچىنىڭ «جىنايى قىلمىشلىرىڭنى ئېيت!» دېگەن بۇيرۇق جۈملىسى فۇنكسىيىلىك رولى جەھەتتىن سوراق جۈملىگە باراۋەردۇر. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئامېرىكا لوگىكىشۇناسى كەيس ئەپەندى سوراق جۈملە بۇيرۇق جۈملە بىلەن قويۇق باغلىنىشقا ئىگە دەپ كۆرسەتكەن.① بىز ئىمتىھان سوئاللىرىغىلا كۆز يۈگۈرتسەك، ئۇنىڭدا بۇيرۇق جۈملە ئارقىلىق سوئال سورالغان ناھايىتى كۆپ سوئاللارنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، «تۆۋەندىكى ئۇقۇم (ئاتالغۇ) لارغا تەبىر بېرىڭ»، «تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ» دېگەن سوئاللارنىڭ ماھىيىتى بولسا، «تۆۋەندىكى ئۇقۇم (ئاتالغۇ) لارنىڭ تەبىرى نېمە؟»، «تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا نېمىلەرنى تولدۇرىمىز؟» دېگەن سوئالدىن ئىبارەت، خالاس. ئوخشاش قائىدە بويىچە، «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەڭ» دېگەن سوئالنىڭ ماھىيىتىمۇ «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟» دېگەندىن ئىبارەت. قىسقىسى، ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى تاللاش سوئاللىرى، توغرا - خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى، بوش ئورۇننى تولدۇرۇش سوئاللىرى، قىسقىچە جاۋاب بېرىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى سوراق جۈملە شەكلىدە سورالغان سوئاللاردۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ئىمتىھان سوئالى دەيمىز. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سوراق جۈملىسىز ئىپادىلەنگەن سوئال ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپ بىلىش ۋە ئىگىلەش ئىمتىھان سوئاللىرىنى سۈپەتلىك چىقىرىشتا، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى توغرا تەكشۈرۈشتە ھەمدە سوئالغا دەل جاۋاب بېرىشتە تولىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەسىلە سىنتاكسىس تەتقىقاتچىلىقىدا، بولۇپمۇ جۈملىلەرنى توغرا تۈرگە ئايرىشتا، جۈملىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى مۇكەممەل ئىگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەپسۇسكى، ئەنئەنىۋى سىنتاكسىس تەتقىقاتچىلىقىدا بۇ مۇھىم نۇقتا نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.

## 2. سوئالنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

سوئال ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەر بويىچە بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

1974 - يىلى نەشر قىلىنغان دۇنيا بويىچە مۇكەممەل قورال خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ تەرىپلىنىدىغان «بۈيۈك بېرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە، سوئال شەكلەن ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئاددىي سوئال (مەسىلەن، «بۈگۈن ھەپتىگە قانچە؟»)، مىساللىق سوئال (مەسىلەن، «تۆپ سانىنىڭ مىساللىرى نېمە؟»)، بىلىم خاراكتېرلىك سوئال (مەسىلەن، «لەگلەك قانداق

① «ھازىرقى زامان لوگىكىسىنىڭ ئوبيېكتى»، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل نەشرى، 216 - بەت.

ياسىلىدۇ؟») دەپ ئۈچ تۈرگە، جاۋاب تەلىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئەمەلىي سوئال (مەسىلەن، «بۈگۈن چېسلاغا نەچچە؟») ۋە ئۆلچەم سوئال (مەسىلەن، «بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟») دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ دېيىلگەن.①

ھازىرقى زامان لوگىكىسىدا سوئالنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى باشقىچىرەك. ئۇنىڭدا سوئالنىڭ لوگىكىلىق تۈزۈلمىسى (بىلىنمىگەن تەركىب) ۋە سوئالنىڭ كۈتىدىغان جاۋابىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ، سوئالنىڭ تۈپ تۈرى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلىدۇ:

سوئال
- 1. ھۆكۈم تىپىدىكى سوئاللار (دېگەن نېمە)
  - (1) ھۆكۈم سوئالى
  - (2) تاللاش سوئالى
  - (3) تولدۇرۇش سوئالى
- 2. چۈشەندۈرۈش تىپىدىكى سوئاللار (قانداق)
- 3. ئىسپات تىپىدىكى سوئاللار (نېمە ئۈچۈن)

### (1) ھۆكۈم تىپىدىكى سوئاللار

ھۆكۈم تىپىدىكى سوئاللار «دېگەن نېمە» گە جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان سوئاللار بولۇپ، بۇ خىل سوئاللار يەنە تەلەپ قىلىدىغان جاۋابىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك كىچىك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

A. ھۆكۈم سوئالى

ھۆكۈم سوئالى كەسىمە ھۆكۈم ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان سوئال بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

P—S مۇ، ئەمەسمۇ؟

P—S ئەمەس؟

مەسىلەن:

قاھار مۇخبىرمۇ، ئەمەسمۇ؟

تاشپولات ئۇيغۇر ئەمەس؟

ھۆكۈم سوئالى تىلدا كۆپ ھاللاردا غەيرى سوراق جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى ئادەتتە «جاۋاب بېرىڭ»، «باپان قىلىڭ» دېگەندەك بۇيرۇق جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تۈپ ماھىيىتى يەنىلا سوئالدۇر.

B. تاللاش سوئالى

تاللاش سوئالى تاللاش ـ تاللىنىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق:

① «ھازىرقى زامان لوگىكىسىنىڭ ئويغىنىشى»، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىنىڭ 1989- يىل نەشرى، 217- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

$P_1$—S مۇ ياكى $P_2$ مۇ...؟

مەسىلەن: بۇ بالا ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟

كىنو قويۇلىدىكەن، بارامسىز ياكى بارمامسىز؟

تاللاش سوئالى تىلدا تاللانما سوراق جۈملىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى تاللاش سوئاللىرى بولسا، غەيرى تاللانما سوراق جۈملىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

### D. تولدۇرۇش سوئالى

تولدۇرۇش سوئالىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىلىنمىگەن تەركىب ئىچىدە «نىمە» دېگەن سوراق ئالماش كەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئايرىم ھالدىمۇ (مەسىلەن، «سۆز دېگەن نىمە؟»)، ئېنىقلىغۇچى سۈپىتىدىمۇ (مەسىلەن، نىمە ئىش يۈز بېرىپتۇ؟») قوللىنىلىدۇ. ئەگەر «نىمە»نى X بىلەن ئىپادىلىگەندە، تولدۇرۇش سوئالىنىڭ مۇنداق فورمۇلىسى شەكىللىنىدۇ:

X—P ؟ (ئېتىڭ نىمە؟)

P—X ؟ (نىمە ئادەم؟)

### (2) چۈشەندۈرۈش تىپىدىكى سوئاللار

چۈشەندۈرۈش تىپىدىكى سوئاللار «قانداق» قا جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان سوئاللاردۇر، بۇ خىل سوئاللاردا شەكىل، ھالەت، دەرىجە، يۈزلىنىش ۋە قائىدىلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. چۈشەندۈرۈش تىپىدىكى سوئاللار تىلدا كۆپ ھاللاردا بۇيرۇق جۈملە شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟»، «لوگىكىلىق ئىسپات بىلەن ئەمەلىي ئىسپاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈڭ» دېگەندەك سوئاللار چۈشەندۈرۈش تىپىدىكى سوئاللار دائىرىسىگە كىرىدۇ.

### (3) ئىسپات تىپىدىكى سوئاللار

ئىسپات تىپىدىكى سوئاللار دېگىنىمىز ئىسپات تەلەپ قىلىدىغان سوئاللار بولۇپ، «نىمە ئۈچۈن»، «نىمە سەۋەبتىن» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، «نىمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسىنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ دەيمىز؟»، «نىمە سەۋەبتىن ئەقلىي بىلىشنى بىلىشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى دەيمىز؟»...دېگەن سوئاللار ئىسپات تەلەپ قىلىدىغان سوئاللار بولۇپ، بۇلار سوئال تەۋەسىدە ئىسپات تىپىدىكى سوئاللارغا كىرىدۇ.

سوئال ئادەتتىكى ئەھۋالدا يۇقىرىقىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا ئۇلار بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ياكى ئارىلاش قوللىنىلىدۇ، بەزىدە ھەتتا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىپمۇ قالىدۇ. ئادەتتە سوئالنىڭ خاراكتېرىنى كونتېكىست بەلگىلەيدۇ. شۇڭا سوئالنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرىنى تەكشىلىكتىن ئەمەس، بەلكى كونتېكىستتىن ئىزدىشىمىز لازىم.

## 3. سوئالغا قويۇلىدىغان تەلەپ

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوئال بىلىنمىگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن مۇناسىپ جاۋاب ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل پىكىر شەكلى. ئۇ بىلىنگەن تەركىب بىلەن بىلىنمىگەن تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. بىلىنمىگەن تەركىبنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سوئالغا قاتتىق تەلەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى قاتتىق تەلەپ، ئەمەلىيەتتە، سوئالغا قويۇلىدىغان لوگىكىلىق تەلەپنى كۆرسىتىدۇ. سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، (جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇنىڭدا جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان دائىرە ئېنىق بولۇشى كېرەك. بۇ دائىرىنى سوئالنىڭ لوگىكىلىق تۈگۈنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. سوئالنىڭ لوگىكىلىق تۈگۈنى پۈتكۈل سوئال قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي ئومۇرتقىسى بولۇپ، ئۇ سوئالنى باشتىن - ئاخىر كونترول قىلىدۇ ۋە تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سوئالدا سوئالنىڭ لوگىكىلىق تۈگۈنىنى سوئال سورىغۇچىمۇ، سوئالغا جاۋاب بەرگۈچىمۇ ئالاھىدە ئىگىلەشكە تىرىشىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، سوئال - جاۋاب پائالىيىتى ساغلام داۋاملاشالمايدۇ. مەسىلەن، نەسىردىن ئەپەندى بىلەن پادىشاھ ئارىسىدىكى تۆۋەندىكى سوئال - جاۋاب لوگىكىلىق تۈگۈنى ئېنىق بولمىغان سوئال - جاۋاب جۈملىسىگە كىرىدۇ.

پادىشاھ ئەپەندىنى گەپتە چۈشۈرۈش، مەسخىرە قىلىش مەقسىتىدە ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئاكىڭىز چوڭمۇ، سىزمۇ؟

— ئىككى يىل بۇرۇن ئاكام مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى، بۇ يىل ئىككىمىز تەڭلىشىپ قالدۇق.

پادىشاھنىڭ سوئالىدا ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس، لوگىكىلىق تۈگۈن تېخىمۇ يوق. بۇنداق سوئال ھېچقانداق جاۋابقا ئەرزىمەيدۇ. لېكىن ئەقىللىق ئەپەندى «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، لوگىكىلىق تۈگۈنى بولمىغان جاۋاب بىلەن پادىشاھنى لەت قىلغان.

ئەپەندى بىلەن پادىشاھ ئارىسىدىكى تۆۋەندىكى سوئال - جاۋابتا پادىشاھنىڭ سوئالى ئەسلىدە لوگىكىلىق تۈگۈنى بولمىغان سوئال ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەپەندىنىڭ جاۋابىدا ئېنىق لوگىكىلىق تۈگۈن بار، يەنە كېلىپ ئەقىللىق ئەپەندى بۇ خىل لوگىكىلىق تۈگۈننى پادىشاھنىڭ ئۆزىگە قايتۇرغان.

ئەپەندى كۆل بويىدا ئولتۇرغىنىدا پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، پەمىڭىز بولسا مۇنۇ سوئالغا جاۋاب بېرىڭ، مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيى قانچە چېلەك چىقىدۇ؟

— ئەگەر چېلەكنىڭ چوڭلۇقى كۆلچىلىك بولسا، كۆلنىڭ سۈيى بىر چېلەك چىقىدۇ. ئەگەر چېلەكنىڭ چوڭلۇقى كۆلنىڭ يېرىمىچىلىك بولسا، كۆلنىڭ سۈيى ئىككى چېلەك چىقىدۇ... دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

www.uyghurkitap.com

ئېنىقكى، ئەپەندى پادىشاھنىڭ چىلەكىنىڭ ھەجمى بىلەن كۆلنىڭ ھەجمىنىڭ قانچىلىكلىكىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان لوگىكىلىق تۈگۈن دەل مانا مۇشۇ!

سوئالدا لوگىكىلىق تۈگۈننىڭ ئېنىق بولماسلىقى ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى تاللاش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئىمتىھان سوئاللىرىدىمۇ كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن، 1987 - يىللىق تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانى سوئالىدا 35 نومۇرلۇق ماقالە يېزىش سوئالى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سان بىلەن سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش تەلەپ قىلىنغان. لېكىن سوئالدا ئېنىق تەلەپ بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار پەلەپەدىكى سان ئۆزگىرىشى بىلەن سۈپەت ئۆزگىرىشى نۇقتىسىدىن جاۋاب بەرگەن بولسا، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى سان - سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن جاۋاب بەرگەن، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار بولسا، گىراماتىكىدىكى سان تۈركۈمى بىلەن سۈپەت تۈركۈمى نۇقتىسىدىن جاۋاب بەرگەن. دېمەك، سوئالنىڭ تەلىپى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى بىر سوئالغا بىرقانچە نۇقتىدىن جاۋاب بېرىلگەن. نەتىجىدە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىلگەن بولسا، شۇ توغرا بولۇپ چىققان.

سوئالنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك:

بىرىنچى، سوئالنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى پۇختا ۋە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. سوئال قۇرۇلمىسىدىكى بىلىنگەن تەركىب بىلەن بىلىنمىگەن تەركىب ناھايىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سوئال قۇرۇلمىسىدىكى بىلىنگەن تەركىب بىلىنمىگەن تەركىبنىڭ مەنبەسى، بىلىنمىگەن تەركىب بولسا، بىلىنگەن تەركىبنىڭ تولۇقلىمىسى، راۋاجى ۋە مۇكەممەللىشىشى. بۇ ئىككى تەركىب بىر - بىرىنى تەقەززا ۋە شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، سوئالنىڭ بۇ ئىككى تەركىبى ئېنىق، تولۇق بولۇشى لازىم.

سوئالدىكى بىلىنگەن تەركىب يەنە ھەقىقىي بولۇشى كېرەككى، ساختا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇ ساختا بولۇپ قالسا، بىلىنمىگەن (بىلىنمىدىغان) تەركىبنىڭ ھەقىقىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «كىشىلەر قاچانغىچە تۇغۇلۇپ - ئۆلۈۋېرىدۇ؟» دېگەن سوئالدا «كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆلۈشىنىڭمۇ ۋاقىت چېكى بولىدۇ» دېگەن ساختا ھۆكۈم يوشۇرۇنغان، بۇ ساختا ھۆكۈم مەزكۇر سوئالنىڭ بىلىنگەن تەركىبى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭمۇ ھەقىقىي بولۇشى ناتايىن. چۈنكى سوئالنىڭ بۇ قىسمىغا بېرىلىدىغان جاۋاب ئالدىنقى قىسمىدىكى نەزەرىيىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ.

ئىككىنچى، سوئال تەركىبىگە كىرگەن ھەر بىر ئۇقۇم - ئاتالغۇ ۋە سوئالنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان جۈملە ئېنىق، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشى كېرەككى، مۈجمەل، چۈشىنىكسىز، غۇۋا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، «ئۇرۇمچى مۇزىكا زاۋۇتى قەيەردە؟»،

«ئاچچىق - چۈچۈك مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ؟»، «ئادەم ئادەمسىمان مايمۇندىن پەيدا بولغان بولسا، ئوبۇلھەسەننىڭ دادىسى قايسى مايمۇن، ئانىسى قايسى مايمۇن؟»، «ئۇلار قانچە دەرەخ تىكىپتۇ؟»، «سىلەردە ئاران ئون نەچچە لىپى فىلىمدىن ئۆگىنىش ئىلغارى بارمۇ؟»، «سىلەر تېخى ھەر خىل خەلقلەرنى سۆيۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرمىدىڭلارمۇ؟»...دېگەن سوئاللاردا ھەم ئۇقۇم مۇجمەل، چۈشىنىكسىز بولۇپ قالغان، ھەم جۈملە ساغلام، راۋان بولمىغان.

ئۈچىنچى، سوئال تايىنى يوق، داڭقان پۈتى بولماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، «بۇرۇنقىلار نېمە ئۈچۈن تاشقا تاش دەپ ئىسىم قويغان؟»، «ئېرىق سۈيى نىمىشقا پەستىن يۇقىرىغا ئاقمايدۇ؟»، «قەشقەردىمۇ ئاي بارمۇ؟»، «توخۇ تۇخۇمى نەچچە بۇرجەكلىك بولىدۇ؟». مۇنداق سوئاللار ئۆزىنىڭ سوئاللىق قىممىتىنى يوقاتقان بولغاچقا، ئۇ ھېچقانداق جاۋابقا ئەرزىمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەردىن باشقا، يەنە سوئال بىلەن جاۋاب ئارىسىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىش مۇناسىۋىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. لوگىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سوئال ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئوبيېكت توغرىسىدا بىرەر نەرسە مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەيدۇ، ياكى ئىنكار قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭدا پەقەت ئوبيېكت ئەھۋالى توغرىسىدا بىرەر نەرسە سورىلىدۇ. سوئالنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ھۆكۈمنىڭ ئوبيېكت ئەھۋالى توغرىسىدا بىرەر نەرسە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش خاراكتېرى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، سوئالنىڭ ئۆزىدە ھەقىقىيلىق - ساختىلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ھۆكۈمدە بولسا، ھەقىقىيلىق - ساختىلىق مەسىلىسى مەۋجۇت، سوئال بىلەن ھۆكۈم بۇ جەھەتتىمۇ ئۆز ئارا پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سوئال ھۆكۈم ئەمەس، ئەمما سوئالنىڭ جاۋابى ھۆكۈمدۇر. دېمەكچىمىزكى، سوئالنىڭ جاۋابى بولغان ھۆكۈمدە ھەقىقىيلىق - ساختىلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. چۈنكى سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب دەل جاۋاب (توغرا جاۋاب)، ئېھتىماللىق جاۋاب، چەتنىگەن جاۋاب ۋە ساختا جاۋاب قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «مارت ئېيى چوڭ ئايمۇ، كىچىك ئايمۇ؟» دېگەن سوئالغا: «مارت ئېيى چوڭ ئاي»، «مارت ئېيى ياكى چوڭ ئاي، ياكى كىچىك ئاي»، «مارت ئېيى چوڭ ئايمۇ ئەمەس، كىچىك ئايمۇ ئەمەس»، «مارت ئېيى ئاي ئەمەس»... قاتارلىق جاۋابلار بېرىلسە، كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇلار ئىچىدىن جاۋاب (1) دەل جاۋاب، جاۋاب (2) ئېھتىماللىق جاۋاب، جاۋاب (3) لىڭگىر تاقىتاق جاۋاب، جاۋاب (4) ساختا جاۋابتۇر. دېمەك، سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ قانداقلىقىمۇ تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلە بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تېمىنىڭ نەق ئۆزى بولمىغاچقا، ئۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمىدۇق.

ئومۇمەن، سوئال كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلىدىغان ھەم تولىمۇ چېلىقارلىق رول ئوينايدىغان بىر خىل تەپەككۇر پائالىيىتى بولغاچقا، ئۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىملەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، سوئال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن دەل، توغرا جاۋاب ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

# سۆزلەش بىلەن ئويلاشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئايشەم ئابدۇللا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، سۆزلەش بىلەن ئويلاشنىڭ، يەنى نۇتۇق بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىلىق ھالدا تەتقىق قىلىنىپ، نۇتۇقنىڭ ئېنىق، راۋان بولۇشى ئۈچۈن، توغرا، ئۆلچەملىك پىكىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەسىلىلەر ئىلمىي ئاساسلار بىلەن ئىخچام بايان قىلىنىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلەر تىل ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ بىر بىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ، بىر - بىرىنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭدا دېمەكچى بولغان ھەربىر سۆزنى ئاڭلىغۇچىغا ئېنىق، توغرا، تولۇق ئۇقتۇرۇپ سۆزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، نېمىلەرنى سۆزلەش ۋە قانداق سۆزلەش توغرىسىدا پۇختا ئويلىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان خادىملار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. مەسىلەن، بىرەر ئەنزە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش، جىنايەتچىنى سوراق قىلىش، سوت ئېچىش، سوتتا مۇنازىرىلىشىش، ھۆكۈم ئېلان قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئاۋۋال تولۇق، تەپسىلىي، ئەتراپلىق ئويلىنىۋېلىشقا، سۆزلەش جەريانىدىمۇ ئاكتىپ پىكىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن سۆزلەنگەن سۆز مەزمۇنلۇق، سىستېمىلىق، ئېنىق، راۋان بولۇپ چىقىدۇ، بۇنداق سۆزنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

تىل ئالاقە قورالى، شۇنداقلا تەپەككۇر قورالى. تىل سۆزلەش، يېزىش ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالماي، ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر. بۇنىڭدىن تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، سۆزلەشكە ماھىر بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن توغرا تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئويلاش بىلەن سۆزلەشنىڭ، تەپەككۇر بىلەن نۇتۇقنىڭ ھەمىشە تولۇق ماسلىق ھالىتىدە بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، سۆزلىگەن سۆزنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنئالا ئويلىنىشتىن ئۆتكەن تەپەككۇر جەريانى بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭدەك ئالدىنئالا ئويلىنىشتىن، تەپەككۇر قىلىشتىن ئۆتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېغىزدىن تولۇق نۇتۇق ھالىتىدە چىقىشىمۇ ناتايىن. ئەمەلىيەتتە، ئومۇمەن ئويلاش كۆپ، سۆزلەش ئاز؛ ئويلاش ئۇزۇن، سۆزلەش قىسقا؛ ئويلاش مۇرەككەپ، سۆزلەش ئاددىي بولىدۇ. ئويلاش

سۆزلەشنىڭ تەييارلىقى، سۆزلەش بولسا ئويلاشنىڭ نەتىجىسى. ئويلاش تولۇق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر بولمىسا، سۆزلەش ئېنىق، ئوچۇق، سىستېمىلىق، مەنتىقىلىق ۋە راۋان بولمايدۇ. شۇڭا، سۆزلەش قىسقا، ئىخچام، مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇش تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم مۇجمەللىكتىن ئېنىقلىققا، تومتاقلىقتىن تەپسىلىيلىككە، چۇۋالچاقلىقتىن ئىخچاملىققا، يۈزەلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت ئويلىنىش يەنى تەپەككۇر قىلىش جەريانىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

ئۇ ھالدا، ھەربىر سۆزنى بىر پەس توختاپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئېغىزدىن چىقىرىش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز. سۆزلەشتىن ئاۋۋال ئويلىنىۋېلىش كېرەك دېگەنلىك، ھەربىر سۆزنى بىر پەس توختاپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سۆزلەش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان ھالدا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ تاغدىن ـ باغدىن تاقىقا ـ تۇققا سۆزلىمەي، ئاۋۋال پۇختا ئويلىنىۋېلىپ، تولۇق تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن سۆزلەش كېرەك دېگەنلىكتۇر. خەلق ئىچىدىكى «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ماقالدىمۇ ئاشۇ مەسىلە كۆزدە تۇتۇلغان.

سۆزلەشتىن ئاۋۋال ئويلىنىۋېلىش كېرەك دېگەنلىك، ئويلىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈك ھالدا بىر بىرلەپ ئەينەن سۆزلەپ چىقىش كېرەك دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ جانلىق سۆزلەش ماھارىتىنى بىلىش، تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا قارىتا جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق سۆز تېپىپ سۆزلەشنى بىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ تەلەپلەرگە يېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، سورۇنغا قاراپ سۆزلەشكە دىققەت قىلىش. ھەرقانداق سۆز مۇئەييەن سورۇندا سۆزلىنىدۇ. سۆزلەش نۇتۇق شارائىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قوللانغان تىل شەكلى، تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولۇشى، سۆز مەنىسىنىڭ ئۇدۇل ياكى ئەگمە بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر سۆز سۆزلىنىدىغان كونكرېت سورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭغا سەل قارالسا، تىل شەكلى بىلەن تەپەككۇر مەزمۇنى ئارىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقمىغان تەقدىردىمۇ، پىكىرنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، سۆزلىنىدىغان سۆز سورۇننىڭ يەنى نۇتۇق شارائىتىنىڭ مەقسىتى، كەيپىياتى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ۋە ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇزدا سۆزلىنىشى لازىم. بولۇپمۇ سىياسىي قانۇن ساھەسىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئەنزە توغرۇلۇق ئېنىق ئىسپات ئېلىش مەقسىتىدە گۇۋاھچى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاۋۋال ئۇنى ھەر خىل ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىپ، ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭ سۆزىنى قىزغىن، مۇلايىم پوزىتسىيىدە سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاش، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي توختىۋالسا، يېتەكلەش خاراكتېرىدە گەپ كوچىلاپ، داۋاملىق سۆزلىتىش لازىم. ھېيلىگەر جىنايەتچىنى جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆزلىتىش مەقسىتىدە سوراق قىلغاندا، بىر خىل جىددىي، سۈرلۈك قىياپەتتە

تۇرۇپ كەسكىن، ھەيۋەتلىك سۆزلەپ، جىنايەتچىنى چۆچۈتۈش، سوئالغا جاۋاب بەرمەي تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، بىرەر نەق پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىش لازىم، مەسىلەن، جىنايەتچى ھېچنېمىنى دېمەي تۇرۇۋالغاندا، سوراق قىلغۇچى خادىم كەسكىن تۇردە: «سەن ھەقىقىي ئىسمىڭنى يوشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزۈڭنى جىنايىتىڭدىن قاچۇرماقچىمۇ؟! سېنىڭ ئىسمىڭ ئاۋۇت ئەمەس، داۋۇت!» دەپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جىنايەتچى قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ، جىنايىتىنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، «مەن ئېيتاي، ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي!» دەپ، ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىدۇ.

ئىككىنچى، پەيتكە، مۇھىتقا قاراپ سۆزلەشكە دىققەت قىلىش. خىزمەت داۋامىدا، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرلۈك باسقۇچلار بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئالدىنئالا مۆلچەرلەپ بولمايدىغان خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سۆزلىگەندە ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئالدىنئالا ئويلاپ قويغان مەزمۇن بويىچە سۆزلىمەستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن سۆزلەش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قارىتا دەرھال ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆزگىرىشنىڭ يۆنىلىشى، خاراكتېرى، دەرىجىسىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ رازۋېتكا، تەپتىش، سوت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەدلىيە خادىملىرى ئۈچۈن بۇنداق قىلىش تېخىمۇ مۇھىم. ئەدلىيە خادىملىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا، قارشى رازۋېتكا قىلىش، قايتۇرۇپ سوئال سوراش، قارشى سوراق قىلىش ئىقتىدارى ۋە تەجرىبىسىگە ئىگە بەزى جاۋابكارلار كۈتۈلمىگەن سوئاللارنى قويۇپ، ئەدلىيە خادىملىرىنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق جىددىي ئەھۋالدا ئەدلىيە خادىملىرى تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ ۋە مۇۋاپىق سۆز تاللاپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم. مەسىلەن، مەلۇم بىر سوت مەھكىمىسى قەستەن زەخىملەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى مۇنداق بىر ئەنزىنى قوبۇل قىلىدۇ: بىر يىگىت بىر قىز بىلەن مۇھەببەت باغلاپ سىنىشىپ يۈرگەن مەزگىلدە كۆپ قېتىم مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ، قىزنى ھامىلدار قىلىپ قويىدۇ ۋە كېيىن قىزنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن چاتىقى بار دېگەننى باھانە قىلىپ، ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە قىزنى كۆپ قېتىم سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەيدۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان قىز يىگىتنى چەيدو بىلەن چېپىپ زەخىملەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يىگىت سوتقا ئەرز بېرىپ، بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدلىيە خادىمى بۇ ئىشنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، جاۋابكارنىڭ باشقا ئەر بىلەن ھېچقانداق چاتىقىنىڭ يوقلۇقىنى ئېنىقلايدۇ ۋە دەۋاگەرنىڭ ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە قاراشتا بولىدۇ. سوت ئاچقاندا، بۇ ئەدلىيە خادىمى (سوتچى) دەۋاگەرگە مۇنداق سوئال قويىدۇ: «جاۋابكارنىڭ تىغ كۆتۈرۈپ ئادەم زەخىملەندۈرۈش ھەرىكىتىدە سېنىڭمۇ مەلۇم جاۋابكارلىقىڭ يوقمۇ؟»

دەۋاگەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ سوتچىغا مۇنداق قارشى سوئال قويىدۇ: «سىزنىڭ سۆزىڭىز بويىچە بولغاندا، جاۋابكارنىڭ تىغ كۆتۈرۈپ ئادەم زەخمىلەندۈرۈشى يوللۇق ئىكەن-دە؟!» بۇ سوئال كۈتۈلمىگەن يەردىن قويۇلغاچقا، سوتچى نېمە دېيىشنى بىلمەي، ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە بىر پەس جىددىي ئويلىنىشتىن كېيىن مۇنداق بىر مۇۋاپىق جاۋابنى تاپىدۇ: «جاۋابكارنىڭ تىغ كۆتۈرۈپ ئادەم زەخمىلەندۈرگەنلىكىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى ئەلۋەتتە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، بۇ سوتنى ئېچىشتىكى مەقسەتمۇ ئەنە شۇنىڭدا. بىراق، مۇشۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىدە سىزنىڭ ھېچقانداق جاۋابكارلىقىڭىز يوقمۇ؟» شۇنىڭ بىلەن دەۋاگەرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ-دە، سوتچى پاسسىپ ھالەتتىن تەشەببۇسكار ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئەگەر سوتچى تاساددىپىي ئەھۋال ئالدىدا جىددىي پىكىر قىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالمىغان بولسا، سوتنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئۈچىنچى، ئوبيېكتقا قاراپ سۆزلەشكە دىققەت قىلىش. سۆزلىگەندە نېمىنى سۆزلەش ۋە نېمە ئۈچۈن سۆزلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە كىمگە سۆزلەش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر خىلمۇ خىل سۆز ئوبيېكتلىرىغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ ۋە بۇ سۆز ئوبيېكتلىرى بىلەن نۇتۇق تىلى ئارقىلىق پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. سۆزلىگۈچى سۆز ئوبيېكتى بىلەن پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شۇ سۆز ئوبيېكتىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ سۆزلەش سەنئىتىنى بىلىۋېلىشى كېرەك، يەنى سۆزلىگۈچى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىنكاسىغا، چىرايىغا، روھىي ھالىتىگە، سۆزىگە، ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ سۆزلىمەكچى بولغان سۆزىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى، ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆز شەكلىنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى بەلگىلىشى كېرەك. ئەكسىچە، سۆز ئوبيېكتىنىڭ قوبۇل قىلىش-قىلالماسلىقىغا قارىماي، ئالدىنئالا ئويلىۋالغان مەزمۇن ۋە شەكىل بويىچە سۆزلەش بىلەن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، بۇنداق سۆزلەش ئوبيېكتقا قارىماي، نىشانسىز ئوق ئاتقانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئەدلىيە خادىملىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ سۆز ئوبيېكتى پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە سالاھىيەتتىكى ئەيىبكارلار، جاۋابكارلار، جىنايەتچىلەر ۋە ھەق تەلەپ دەۋاگەرلىرى بولۇپ، ئۇلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ياكى قانۇنغا چېتىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەممىشە دېگۈدەك قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئەدلىيە خادىمى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بىراق، ئەدلىيە خادىمى ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسىنى تولۇق تاپشۇرۇش، سورىغان سوئالغا ئەينەن جاۋاب بېرىش ئورنىغا ھېلىگەرلىك قىلىپ: «مەن ئوغرىلىق قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان بولساممۇ، باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا ئامالسىز قاتناشتىم»، «ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق ئالاقەم يوق، مەن پەقەت بىرنىلا تەپتىم، باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ، ئاساسلىق جاۋابكارلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، ياكى: «ئۇ كۈنى ئىسكىلاتقا ئوت كەتكەندە، مەن يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدىم، ئۆيدە لايچىلىق قىلىۋاتاتتىم» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن يالغان، ساختا ئەھۋال پەيدا قىلىپ، نىشانىنى بۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ۋە ياكى: «مەن تاپشۇراي، ھەممىنى تولۇق تاپشۇراي، مەن پەقەت بىر قېتىملىق قىمار ئويناشقىلا قاتناشتىم، باشقا ئىشلارنى بىلمەيمەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن كۆز بوياماچىلىق قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشى مۇمكىن ...، ئەدلىيە خادىمى بۇنداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلارغا قارىتا ئىنتايىن ھوشيار بولۇشى، قېلىپلىشىپ قالغان بىر خىل سۆز ۋاستىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەرقايسى سۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىگە ماۋاپىق كېلىدىغان سۆز ۋاستىلىرىنى تاللاپ ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى قەتئىي ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ پۈرسەتپەرەسلىك قىلىشىغا يول قويماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچى، ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك، جانلىق سۆزلەشكە دىققەت قىلىش. نۇتۇق تىلىدا پىكىرلا ئىپادىلىنىپ قالماي، ھېسسىياتمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، سۆزلىگۈچى سۆزلەش جەريانىدا ئۆزى ئىپادىلەۋاتقان پىكىرنىڭ مەزمۇنىغا زىچ ماسلاشتۇرغان ھالدا ئىچكى ھېسسىياتىنىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەدەن ھەرىكىتى، روھىي قىياپىتى ۋە ئاھاڭ تەلەپپۇزى قاتارلىق ئىشارەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئىشارەت تىلنىڭ ياردەمچىسى. ئادەم بەدىنىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ياكى ئىشارىتى مەلۇم مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆزلىگۈچىنىڭ سۆز ئوبيېكتىغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى، خۇشاللىقى ياكى قايغۇسى، ھېسداشلىقى ياكى قارشىلىقى قاتارلىق ھېسسىياتلار ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق سۆزلەنگەن سۆز، شۈبھىسىزكى، تېخىمۇ توغرا، ئېنىق، جانلىق، تەسىرلىك ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە رەتكە تىزىلىپ بولدى ۋە تەرتىپلىك ھالدا، ۋوكزالغا كىرىپ كېلىۋاتقان پويىزنى كۈتۈپ تۇردى» دېگەن سۆزدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنتىزامچانلىقىغا بولغان خۇشاللىق كەيپىياتى ئىپادىلىنىدۇ. «ئۇ شەھىرىمىزنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان ئۈرۈمچى ۋوگزالىنى پارتلىتىش نۇقتىسى قىلىشتىن تاشقىرى، كوچا ئاپتوۋوزلىرىنىمۇ پارتلىتىش نىشانى قىلغان» دېگەن سۆزدە جىنايەتچىگە بولغان غەزەپ - نەپرەت ئىپادىلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ياخشى سۆزلەش ۋە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ياخشى ئويلىنىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۆز ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىي چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرۈش لازىم.

# پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنىڭ كونكرېت تەتبىقلىنىشى توغرىسىدا

ئالىم سەيفى

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، دەۋا ئىشلىرىدا پۇقرالارنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش زۆرۈرلۈكى ۋە بۇ پرىنسىپنىڭ كونكرېت تەتبىقلىنىشىغا دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ ئەۋزەل سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن پارلاق ئىستىقبال ئېچىپ بەردى. پارتىيىمىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق جەھەتتىكى بىردەك باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي پرىنسىپى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە باشقا قانۇن - نىزاملىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، قانۇنچىلىق ئىشلىرىمىزدىكى مۇھىم بىر ئاساسىي پرىنسىپقا ئايلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 4 - ماددىسىدا «مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ پرىنسىپ دۆلىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بارلىق قانۇن چىقىرىش ئىشلىرى ۋە ئەدلىيە خىزمىتى ئىشلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ كەلدى. قانۇن چىقىرىش جەھەتتە، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان قانۇن - نىزاملارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدا نەشىر قىلىندى. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەرلىك خاراكتېردىكى قانۇن - نىزاملىرىمۇ شۇ ئاپتونومىيىلىك جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىدا بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىنىپ كەلدى.

ئەدلىيە خىزمىتى جەھەتتە، پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆز مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى دۆلىتىمىزنىڭ دەۋا تۈزۈمىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىمۇ مۇشۇ دەۋا پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلدى.

لېكىن، پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنى كونكرېت تەتبىقلاش مەسىلىسىدە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت.

1. پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر دەۋا پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇش مەسىلىسى.

ئاساسىي قانۇننىڭ 4- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «خەلق سوت مەھكىمىسىنى تەشكىللەش قانۇنى»نىڭ 6 - ماددىسىدا ۋە «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ 6 - ماددىسىدا: «ھەر مىللەت پۇقرالىرى دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 9 - ماددىسىدا: «ھەر مىللەت پۇقرالىرى ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نىڭ 8 - ماددىسىدىمۇ «ھەر مىللەت پۇقرالىرى مەمۇرىي دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، «خەلق سوت مەھكىمىسىنى تەشكىللەش قانۇنى» بىلەن ئۈچ چوڭ دەۋا قانۇنىنىڭ ھەممىسىدە پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى بارلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىقىلاردىن باشقا «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىللىي قانۇنى» بىلەن ئۈچ چوڭ دەۋا قانۇنىدا يەنە: «ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئېلان قىلىشتا شۇ جايدىكى مىللەتلەر كەڭ قوللىنىدىغان تىل - يېزىقنى ئىشلىتىشى. دەۋاغا قاتناشقۇچىلاردىن شۇ جايدىكى مىللەتلەر كەڭ قوللىنىۋاتقان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغانلارغا خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە «پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش» پرىنسىپىنىڭ تېخىمۇ تولۇق ۋە كەڭ تۈردە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى دەۋا پائالىيىتىدە چوقۇم ئەمەل قىلىش شەرت بولغان پرىنسىپ مەسىلىسىدۇر.

پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشنى دۆلىتىمىزنىڭ بىر خىل دەۋا پرىنسىپى قىلىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە:

1) بۇ پرىنسىپنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پايدىلىق. پارتىيىمىز ئەزەلدىن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلدى. دەۋا ئىشلىرىدا، پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلسا، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دەۋا پائالىيەتلىرىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. نەتىجىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىدۇ، ئاكتىپچانلىقى جارىي قىلدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى سىياسىي ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

2) بۇ پرىنسىپنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بارلىق دەۋا ھوقۇقلىرىدىن باراۋەر ھالدا تولۇق بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار دەۋادا قوللىنىۋاتقان تىل ۋە يېزىقنى چۈشەنمىسە، باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى، قانداق دەلىل - ئىسپات ۋە سەۋەبلەرنى قويۇۋاتقانلىقىنى، قايسى تەرەپتىن ئۆزىنى ئاقلاش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ سوتتا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرلىرىنى، دەلىل - ئىسپاتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى ئېنىق بايان قىلالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ دەۋا ھوقۇقلىرى ئەمەلىيەتتە مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن يولغا قويغاندىلا، دەۋالاشقۇچىلارنى ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

3) بۇ پرىنسىپنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى تۈرلۈك دېلولارنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. دېلولارنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنماي قېلىشى كۆپ ھاللاردا دېلو پاكىتلىرىنىڭ ئېنىق تەكشۈرۈلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. پاكىتنىڭ ئېنىق بولماسلىقى بولسا، ئاساسەن دېلو بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ دەۋاغا قاتناشقۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشمىغانلىقى، ھەر تەرەپنىڭ پىكىرىنى تولۇق ئاڭلىمىغانلىقى ۋە دېلو ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تىلنى چۈشەنمەسلىك دەل مۇشۇنداق بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشقا، ھەر تەرەپنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاشقا ۋە دېلو ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن دېلونىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىلار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلسا، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇشقا، شۇنداقلا ھەر خىل دېلولارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا پايدىلىق.

2. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونومىيىلىك جايلاردا پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىنى كونكرېت تەتبىقلاش مەسىلىسى.

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان سوتسىيالىستىك دۆلەت. شۇڭا دەۋا ئىشلىرى ھەمىشە بىر مىللەت ئىچىدىكى ئىككى دەۋالاشقۇچى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىشى ناتايىن. ئەگەر دەۋا ئىشلىرى ئىككى مىللەتتىن بولغان دەۋالاشقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلسا، قايسى دەۋالاشقۇچىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش كېرەكلىكى مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ، شىنجاڭدەك ئون نەچچە مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بۇ خىل دەۋا ئىشلىرى داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇنداق دەۋادا قايسى مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە.

ئۈچ چوڭ دەۋا پائالىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، ئومۇمەن جاۋابكار تەرەپنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ كەلگەن. بۇ ئۇسۇل جىنايى ئىشلار دەۋا ئىشلىرىغا ۋە ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالاردىن بولغان ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن بىر تەرەپ پۇقرا، يەنە بىر تەرەپ قانۇنىي ئىگە ياكى مەمۇرىي ئورگان بولغان دەۋا ئىشلىرىغا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇۋاپىق بولمايدۇ ھەم قانۇنىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە ھەل قىلىش كېرەك:

1) جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا ياكى ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرا بولغان ھەق تەلەپ دېلولىرىغا ئائىت دەۋا ئىشلىرىدا، جاۋابكار تەرەپنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى قوللىنىلىشى كېرەك. چۈنكى، جىنايى ئىشلار دەۋا دېلولىرىدا، جاۋابكار ئومۇمەن پۇقرا بولىدۇ، ئەيىبلەشنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەش ئورگىنى سۈپىتىدە، دۆلەتكە ۋەكالىتەن جىنايەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شۇڭا ئەيىبلەش ئورگىنى بولغان خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە، جاۋابكارنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن ئەيىبلەش ۋە سوتقا چىقىپ ئەيىبلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىكى جاۋابكارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىسى پەقەت ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىنىلا بىلىدۇ، ئاز سانىدىكىلىرى باشقا تىل - يېزىقنى بىلسىمۇ، ئۇنى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەرىز قىلسا ئاندىن سورىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا ۋە ھەر

ئىككى تەرەپ پۇقرا بولغان ھەق تەلەپ دېلولىرىدا، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ دەۋا ئورنى ۋە دەۋا ھوقۇقلىرى باراۋەر بولىدۇ. بۇنداق دەۋا ئىشلىرىدا، دەۋاگەر ئالدى بىلەن ئەرز قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار دەۋا جەريانىدا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن جاۋابكار پەقەت دەۋاگەر تەرەپتىن خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەرز قىلىنغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋادا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەۋا تەرتىپى بويىچە، جاۋابكار ئەرزنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە جاۋابنامە يېزىپ خەلق سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇش كېرەك. ئەگەر دەۋادا جاۋابكارنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى ئەمەس، دەۋاگەرنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى قوللىنىلسا، جاۋابكار دەۋانىڭ مەزمۇنىنى، دەلىل - ئىسپات ۋە ئەرز سەۋەبلىرىنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. جاۋابكار ئەرزنامىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنمۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەرزنامىنى تەرجىمە قىلدۇرۇشى، ۋەكالەتچى تېپىشى ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشى كېرەك. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جاۋابكار ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنى قوغدىيالىشى ۋە دەۋاگەر بىلەن ئوخشاش دەۋا ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

2) دەۋالاشقۇچىلاردىن بىر تەرەپ پۇقرا، يەنە بىر تەرەپ مەمۇرىي ئورگان ياكى كارخانا، كەسپىي ئورۇندىن ئىبارەت قانۇنىي ئىگە بولغان مەمۇرىي دېلو ياكى ئىقتىسادىي دېلولاردا دەۋا ئىشلىرى پۇقرا تەرەپنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە دەۋاگەر پۇقرا، جاۋابكار قانۇنىي ئىگە بولغان ۋە ياكى جاۋابكار مەمۇرىي ئورگان بولغان ھەرخىل ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دەۋا ئىشلىرىدا، كۆپ ھاللاردا، جاۋابكارنىڭ تەلىپى بويىچە، جاۋابكارنىڭ قانۇنىي ۋەكىلىنىڭ ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان دەۋا ۋەكالەتچىسىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى ئاساس قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق قىلىش دۆلىتىمىز قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتكىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە، رەھبەرلىك ئورۇندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ ئورۇنلارنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى، بەزىلىرى قانۇنىي ۋەكىلنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇلار شۇ ئاپتونومىيىلىك جايلاردا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان تىل - يېزىق بىلەن دەۋا ئېلىپ بېرىش شەرت - شارائىتى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي دەۋالاردا، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئادەتتە بىۋاستە قاتناشماي، بەلكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى قاتنىشىدۇ. بۇنداق شارائىتتا دەۋا ئىشلىرى دەۋاگەرنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مىللىتى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار جاۋابكار بولغاندا، جاۋابكارنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن

دەۋا ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋاگەر ئاپتونومىيىلىك جايلاردا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان قايسى تىل-يېزىق بىلەن ئەرز قىلغان بولسا، جاۋابكار بولغان قانۇنىي شەخس ۋە مەمۇرىي ئورگانلارمۇ شۇ تىل-يېزىق بىلەن ئەرزگە جاۋاب بېرىشى، دەۋا ئىشلىرىمۇ شۇ تىل-يېزىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى شەرت. پۇقرالار بىلەن قانۇنىي شەخسلەر ياكى پۇقرالار بىلەن مەمۇرىي ئورگانلار ئوتتۇرىسىدا دەۋا ئىشلىرى يۈز بېرىپ قالسا، پۇقرانىڭ دەۋاگەر ياكى جاۋابكار ئورۇندا تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەۋا ئىشلىرى بىردەك پۇقرا تەرەپنىڭ مىللىي تىل-يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

3) دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ قانۇنىي شەخس ياكى مەمۇرىي ئورگان بولغان بولسا، دەۋا ئىشلىرى شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ھەر قانداق تىل-يېزىق بىلەن ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ.

4) خۇسۇسىي كارخانىلار دەۋاغا قاتناشقاندا، ئۇلارغا پۇقرالار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى: بىر تەرەپتىن، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەر خىل تىللار بىلەن دەۋا ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، كارخانىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن خۇسۇسىنىڭ مەنپەئەتى زىچ باغلانغان، كارخانىنىڭ نامى بىلەن خۇسۇسىنىڭ ئىسمىمۇ زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا دەۋاغا خۇسۇسىنىڭ ئۆزى كارخانىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى سۈپىتىدە بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. بۇ ماھىيەتتە يەنىلا پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرى ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «پۇقرالار دەۋا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي تىل-يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىش» پرىنسىپىنى يولغا قويۇشتا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر توغرا ھەل قىلىنسىلا، بۇ پرىنسىپنى كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

---

چۈچۈك بۇيىنى بىرگە قايىنىتىپ ئۇنىڭدىن رەڭ ھاسىل قىلىپ، كۆن-خورۇملارنى سېرىق، قىزىل، قوڭۇر رەڭلەردە بوياشقا ئىشلەتكەن بولسا، لەيلىگۈل، زاراڭزا چېچىكى، قاتارلىق گۈللەردىن ئېلىنغان رەڭلەرنى كۆن-خورۇملارنى كۆك، يېشىل، قارا رەڭلەردە بوياشقا ئىشلەتكەن. بۇ خىل رەڭلەر يەنە ئايۋان، ساراي، ئوردا، ئۆي-جاي زىننەتلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز XIII—XIV ئەسىرلەردە 200 خىلدىن ئارتۇق رەڭ تۈرىنى ئىگىلەپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ھازىرقى كۈندە رەڭ تۈرى 400 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى.

يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت تۈگۈنىدە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزى ياشىغان پەۋقۇلئاددە تارىخىي مۇھىت ئىچىدە مول رەڭگارەڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. بوياقچىلىق تېخنىكىسى ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىچىدىكى بىر بايلىقتۇر.

# ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ چەك - چېگرىسىنى پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدا

**ئەركىن توختى**

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ پەرقى ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغانلار بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغانلارغا قارىتا قانۇن بويىچە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كىشىلەرنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا خەلق ئەدلىيىسى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ يەر ئىنقىلابى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي بازىلاردا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە تۇنجى بولۇپ ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىش ئورنى — «ئەمگەك ئارقىلىق ئەخلاقنى تۈزەش ئورنى» قۇرۇلغانىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1951 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەۋپسىزلىك يىغىنىدا «مەملىكەت بويىچە جىنايەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» نى تەستىقلاپ تارقاتقاندىن كېيىن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى ھەم زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى 1956 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە - شەھەرلىرىدە سىناق تەرىقىسىدە كېچىكىپرەك يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن 30 نەچچە يىلدىن ئارتۇق تەرەققىياتى ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنى يىغىپ تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى مول تەجرىبىلەرنىمۇ توپلاپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى.

لېكىن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، قانۇن - تۈزۈم مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىزمەت ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى مەركەزدىن يەرلىككىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورگانلىرىنىڭ ۋەكالىتەن باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى ھەمدە

باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەربىيىلەش مەزمۇنى جەھەتتە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىدىن خېلى ئۇزاقتىچە پەرقلەندۇرۇلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينى چاغلاردا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دۆلەت ئورگانلىرىنى تازىلاش جەريانىدا تازىلاپ چىقىرىلغان، ئەمما جىنايى ئىشلار بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىشقا توشمايدىغان كومىنداڭ خادىملىرى ۋە بۇزۇق ئۇنسۇرلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئەھۋال كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ پەرقى يوق دەيدىغان خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ قويغان. 1980 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ «ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگۈچى جىنايەتچىلەر بىلەن خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىمۇ بۇ ئىشنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگانلار قۇرۇلۇپ ئايرىم باشقۇرۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلە تېخى ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىشىنىڭ چەك - چېگرىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنداق بولغاندا، ئاندىن بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈملەرگە ئاساسەن ئايرىم باشقۇرۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىش كۆرگىلى بولىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ تونۇشىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنىمۇ تۈگەتكىلى بولىدۇ.

ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مۇنداق بىرقانچە جەھەتلەردە ئېنىق پەرقلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ.

ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش دېگەنلىك، قانۇنغا خىلاپ بولغان ئەمما جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جازالاشقا توشمايدىغان ياكى جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان كىشىلەرگە قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى تەربىيە بېرىپ ئۆزگەرتىش تەدبىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرگە قارىتا مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ ئۆگىنىش ۋە ئەمگەككە تەشكىللەش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ، لېكىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بولسا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جازالاش كېرەك بولغان جىنايەتچىلەرگە قارىتا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش نىزامىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدىغان دىكتاتۇرا شەكلىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچىدىن، قانۇنى تەدبىقلاش ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنىڭ ئوبيېكتى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، لېكىن جىنايى قىلمىشى يېنىكرەك بولۇپ، جىنايى

ئىشلار بويىچە جازالاشقا توشمايدىغان ياكى جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ ئوبيېكتى بولسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەردۇر.

ئۈچىنچىدىن، تەستىقلىنىش رەسمىيىتى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىغا مەسئۇل ئورۇن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقى يەنى «ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئاندىن تەربىيىلەش ئېلىپ بارىدۇ. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇن كۈچىگە ئىگە بولغان «ھۆكۈمنامىسى» بىلەن «ئىجرا قىلىش ئۇقتۇرۇشى» نى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدۇ.

تۆتىنچىدىن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ئوخشىمايدۇ. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولغاچقا، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرگە قارىتا تەربىيىلەش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىش فاڭجېنى قوللىنىلىدۇ. تەربىيە بېرىپ ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەيدىغان مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم دەرىجىدە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلىدۇ.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بولسا جىنايى ئىشلار جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭدا «بىرىنچىدىن ئۆزگەرتىش، ئىككىنچىدىن ئىشلەپچىقىرىش» فاڭجېنى قوللىنىلىدۇ. جىنايەتچىلەرگە قارىتا قاتتىق باشقۇرۇش، قوراللىق نازارەت قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىغا قاراتقان مالىيە سىياسىتى ۋە باشقۇرۇشى ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسى دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئالاھىدە كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان خىراجەت يەرلىك مالىيىدىن ھەل قىلىنىدۇ. كېيىنكىسى بولسا، دىكتاتۇرا قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش، شۇڭا ئۇنىڭغا كېرەكلىك خىراجەتلەر ئاساسەن دۆلەت مالىيىسى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ.

دېمەك، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىشىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، بۇ خىزمەتنى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ياخشى ئىشلەش لازىم.

# پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى

مۇنەۋۋەر مالىك

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم ئورنى بايان قىلىنىدۇ.

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئىنتايىن مۇھىم. پىلانلىق تۇغۇت بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بارغاندا ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش كېرەك. ئاھالىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئېلىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇچۇر دەۋرىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن-تېخنىكا ۋە ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، جەمئىيەت زور بىر تۈركۈم ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تولۇق يېتىشكەن، تەلەپكە لايىق، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج. بۇنداق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مىللەتنىڭ ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چوڭقۇر ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ كاپالىتى.

قانداق قىلغاندا ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ پەرزەنتلەرنى سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك بېقىش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەشتە. ھەربىر ئاتا-ئانىمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، گۈزەل، ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ يېتىلىشىنى، كېلەچەكتە ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت پەقەتلا پىلانلىق تۇغۇش، ئاز تۇغۇش ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشنىلا مەقسەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك

بېقىش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. سۈپەتلىك، يارامىلىق ئەۋلادلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپالىق تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەزىپە. سۈپەتلىك تۇغۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك تۈپەيلىدىن، بالىلارنىڭ ھەرخىل تۇغما كەمتۈك ۋە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئىستېمال قىلىشنىلا بىلىپ، سىياسىي پائالىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالمايدىغان بالىلار ئۈچۈنمۇ، ئاتا - ئانىلار ئۈچۈنمۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ زور بەختسىزلىك ھەم يۈك. ئۇ مىللەتنىڭ سۈپىتىگە، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ خىزمەتلەر دۆلىتىمىزدە بىر قەدەر ياخشى ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۇغۇلۇۋاتقان بالىلارنىڭ 2—4 پىرسەنتى ئېغىر دەرىجىدە كەمتۈكلۈك كېسىلى بار بالىلار ئىكەن. مەملىكىتىمىزدىكى مېيىپلار بولسا 510 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ داۋالىنىشى ۋە ھەر خىل راسخوتى ئۈچۈن 250 مىلياردتىن ئارتۇق پۇل كېتىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە ئاھالىنىڭ سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئادەم ئىشلەپچىقارغۇچى ھەم ئىستېمالچى، ئەڭ مۇھىمى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىلى. سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى مۇنداق ھېسابلايدۇ: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەمگەك ۋاسىتىسى، ئەمگەك ئوبيېكتى ۋە ئەمگەكچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخنىكىنى ئادەم يارىتىدۇ، يەنىلا ئادەم ئۆزى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنى، مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئادەم باشقۇرىدۇ. ئادەم ئەڭ قىممەتلىك ئامىل. ئادەمدە يۈكسەك سىياسىي ئاڭ، مەدەنىيەت ۋە چوڭقۇر بىلىم، ساغلام بەدەن بولۇشى كېرەك. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بىز يۇقىرى سۈپەتلىك ئادەملەرگە مۇھتاج. ھازىر ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلىكەنلىكى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە يۆتكىلىش ئىقتىدارى شۇنچە ناچارلىشىدۇ. ھالبۇكى، تۆۋەن سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچى زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ بويىنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلىنىشى، مول بىلىمگە ئىگە قىلىنىشى كېرەك. ھازىر بىر بالا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ تاكى داشۆلەرگە كىرىپ ئوقۇغانغا قەدەر نۇرغۇن ئىقتىساد كېتىدۇ. پەرزەنتلەرنى تۇغۇش، تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىقتىسادىي مەسىلە. ماددىي بايلىق يېتەرلىك بولمىغان شارائىت ئاستىدا نوپۇسنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق زىچلىشىپ كېتىشى دۆلەتكە ئېغىر يۈك بولماقتا. سانى كۆپ، كۆپىيىش سۈرئىتى تېز بولۇۋاتقان ئاھالىنى تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلەشمۇ زور قىيىنچىلىق ھېسابلىنىدۇ. يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشنىڭمۇ بېسىمى بارغانسېرى ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئۈنۈمىنى يوققا چىقىرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ئوزۇقلۇق سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش سۈرئىتىنى ئاستىلاتماقتا. بۇندىن باشقا، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم كىيىم كىيىشى لازىم، تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە بولسىمۇ پۈتۈن دۆلەت خەلقىنىڭ كىيىم - كېچىكىنىڭ پۈتۈن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ. بۇمۇ دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر يۈك. نوپۇس سىياسىتى خەلق ئىگىلىكى سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىقنىڭ ئىگىلىگەن مىقدارى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

پەرزەنتلەرنى سۈپەتلىك تۇغۇشتا تۆۋەندىكى بىر قاتار ئىشلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، قانداش تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىنى چەكلەش لازىم. خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئېلان قىلىنىشىچە، ئۆزئارا توي قىلىشقان قانداش تۇغقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىرسىيەت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى باشقىلارنىڭكىدىن 19 ھەسسە ئەتراپىدا يۇقىرى بولغان. ئۆلۈش نىسبىتى بولسا ئادەتتىكىلەردىن ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان. ب د ت نىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، دۇنيا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ ئون پىرسەنتى تۈرلۈك ئىرسىيەت كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغان. دۆلىتىمىزدە بولسا ئىرسىيەت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى شىرەم تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەندە، بەزىبىر ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئازايتقىلى، سۈپەتلىك تۇغۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، جۈرنى ئوبدان تاللاش ۋە نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرتۈش زۆرۈر. جۈرە تاللاشتا، ئالدى بىلەن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قارشى تەرەپنىڭ ھەر خىل ئىرسىيەت كېسەلنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىش، ئەگەر كېسەلى بار بولسا ۋاقتىدا داۋالىتىش، نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىنىدىغان كېسەل بولۇپ قالسا، نىكاھلانماسلىق لازىم. چۈنكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ساغلام بولۇشى ئەۋلادلارنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىنىڭ كاپالىتى، نىكاھلىنىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرتۈش بىر خىل ئەستايىدىل ئىشلىنىدىغان ئىجتىمائىي كېگىنا ۋە ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى بولۇپ، بۇنىڭغا سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، نىكاھلىنىشنىڭ ۋە ھامىلدار بولۇشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تاللاش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا ئوغۇللار 22 ياشتا، قىزلار 20 ياشتا نىكاھلانسا بولىدۇ دېيىلگەن. ئەمما نىكاھلانغاندىن كېيىن تېزلا ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش، ھامىلدار بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىنى يەنى 24—29 ياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللاش، ئاياللار ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، ھامىلىنىڭ ياخشى يېتىلىشى ئۈچۈن دوختۇرغا قەرەللىك تەكشۈرتۈپ دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ تۇرۇشى، ھامىلىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل زەھەرلىك ماددىلار بىلەن ئۇچراشماسلىقى، قالايمىقان دورىلارنى ئىستېمال قىلماسلىقى، ھاراق ئىچمەسلىكى، تاماكا چەكمەسلىكى، رادىئاكتىپ نۇردىن ئۆزىنى ساقلىشى، بولۇپمۇ ھامىلدار بولغان دەسلەپكى ئۈچ ئاي ئىچىدە رادىئاكتىپ نۇر ۋە رېنتگېن نۇرلىرى بىلەن ئۇچراشماسلىقى، بالىنىڭ سۈپەتلىك تۇغۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىر قاتار ئىشلار كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر خىزمەت. شۇڭا، ھەر بىر ئاتا - ئانىلار بۇ ئىشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

# «قىرپانە بەگلىكى» گە ئائىت تارىخىي يازما خاتىرىلەر

شېرىن قۇربان

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخنامىلىرىدىكى «قىرپانە بەگلىكى»گە ئائىت يازما خاتىرىلەر دەۋر تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن ھەمدە مۇھىم يەرلەر قىسمەن شەرھلەنگەن. بۇ يازما خاتىرىلەر ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ «قىرپانە بەگلىكى» دەۋرىدىكى سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

«قىرپانە بەگلىكى»① ــ ئېلىمىزنىڭ تاجىك ئەجدادلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان فېئوداللىق تۈزۈمدىكى بىر كىچىك تاغ دۆلىتى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى مىلادى II ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن مىلادى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە 500 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بولۇپ، تاجىكلارنىڭ، جۈملىدىن شەرقىي پامىر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. قەدىمكى قىرپانىلىقلار يىپەك يولىدا كۆپلىگەن خەيرى ـ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس سەھىپىلەرنى قالدۇرغان. تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەر، مەلىكە قورغان ۋە «پەرھاد ـ شېرىن ئۆستىڭى» خارابىلىرى «قىرپانە بەگلىكى» تارىخىنىڭ شاھىدى. شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى كۈندە، بىزدىكى ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر تاشقورغانغا قەدەم تەشرىپ قىلسا، ئەڭ ئاۋۋال تاش شەھەر قاتارلىق خارابىلىقتا بولۇپ، قىرپانىلىقلارنىڭ روھىنى تاۋاپ قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان تارىخنامىلىرىدا «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تارىخى، ھەربىي ئىشلىرى، دىپلوماتىيىسى، قانۇن ـ تۈزۈمى، ئېتنوگرافىيىسى، تىل ـ ئەدەبىياتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە يېقىن ـ يىراق ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ماتېرىياللار بار. بۇ ماتېرىياللار «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ ئىجتىمائىيىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە يان جەھەتتىن قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ جۇزئى مەنزىرىسىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. تەتقىقاتچىلار ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بىز «قىرپانە بەگلىكى» گە ئائىت تارىخىي يازما ماتېرىياللارنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقتۇق.

«قىرپانە بەگلىكى» ئەڭ دەسلەپ «كېشى بەگلىكى» (渴石国) نامى بىلەن خەنزۇچە تارىخىي يازمىلاردا يېزىقتا ئېلىنغان. بۇ نام تۇنجى قېتىم ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى تارىخىي ئەسەر «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى»دە كۆزگە چېلىقىدۇ. «ئۈچ پادىشاھلىق، ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرە بار:

«...ئوتتۇرا يول بىلەن غەربكە ماڭغاندا، يول بويىدىكى يەركەن بەگلىكى، قىرپانە بەگلىكى (渴石国)، ساكارائۇل بەگلىكى، ساكا بەگلىكى، ساكىناھ بەگلىكى، پۇلى بەگلىكى (تاشقورغان)، دارا بەگلىكى، ھىندۇ بەگلىكى، ھونزا بەگلىكى... قاتارلىق 12 بەگلىك سۇلې بەگلىكى (قەشقەر)گە قارام ئىدى.» («25 تارىخ»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، شاڭخەي كىتابخانىسىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 1170 - بەت)

شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىنىڭ 317 — 420 - يىللىرى)دە ئۆتكەن بۇددا راھىبى فاشيەن مىلادىنىڭ 309 - يىلى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، بۇددا يۇرتى ئەنەتكەك (ھىندىستان) كە بېرىش سەپىرىدە ئىككى يىللىق سەپەر مۇساپىسىنى بېسىپ، مىلادى 401 - يىلى يازدا «قىرپانە بەگلىكى»گە كەلگەن. ھازىر ئايان بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەنەتكەككە بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بارغان كۆپلىگەن راھىبلاردىن سەپەر ئۈستىدە «قىرپانە بەگلىكى»گە كەلگەن تۇنجى راھىب فاشيەندۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» («فاشيەن تەرجىمىھالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىدە «قىرپانە بەگلىكى»نى «جيېچا بەگلىكى» (竭叉国) دەپ ئاتىغان.

«قىرپانە بەگلىكى سۇڭلىڭ② تاغلىرى ئارىسىدا ئىكەن. بۇ يەر ئېگىز، سوغۇق كوھىستان ئىكەن. بۇغدايدىن باشقا دانلىق زىرائەت ئۆسمەيدىكەن. دېھقانلار كالىندارى بويىچە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى راھىبلار مۇناجاتلىقنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا بۇ يەردە سۇبھى قىراۋ چۈشۈشكە باشلايدىكەن.»

«بۇ بەگلىكتە خىلمۇ خىل بۇتلار، بۇت مۇنارلىرى بولۇشتىن باشقا، يەنە مىڭدىن ئارتۇق راھىب بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، قىرپانە بەگلىكىنىڭ شاھى بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا يىغىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقانىكەن. يىغىلىشتا تۆرلۈك مەزھەپلەرنىڭ راھىبلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بۇددا ئەمرىمەرۇپىدىن تەلىم ئېلىۋاتقانىكەن. بۇنداق كاتتا يىغىلىش دائىم باھار مەۋسۇمىدە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلايدىكەن.»

«بۇ يەرنىڭ گۈل - گىياھلىرى سۇڭلىڭ (پامىر) نىڭكىدىن پەرقلىنىدىكەن. بامبۇك، ئانار ۋە شېكەر قومۇچى تۆر جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ يەردە يىل بويى قار كەتمەيدىكەن. (بەزىدە قاتتىق شىۋىرغان بولۇپ، قۇم - تاشلارنى ئۇچۇرۇۋېتىدىكەن، بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالغان كىشىنىڭ ھايات قالمىقى بىر گەپ ئىكەن. كىشىلەر بۇ يەردىكىلەرنى قارلىق كوھىستانلىقلار دەپ ئاتىشىدىكەن.» («قەدىمكى غەربىي يۇرت سەپەر نامىلىرى»، نىڭشا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل نەشرى، 34 - بەت)

جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە، «قىرپانە بەگلىكى» «كې پەنتو بەگلىكى»

(渴盘陀国) نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇيىنى زامانىدىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن كۆپ قېتىم ۋېي سۇلالىسى پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتكەن.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىەن 3 - يىلى (مىلادى 437 - يىلى) قىرپانە بەگلىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خانلىققا تۇلپار تەقدىم قىلغان. تەيپىەننىڭ 5 - يىلى (مىلادى 439 - يىلى) قىرپانە بەگلىكى سۇغدى قاتارلىق بەگلىكلەر بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. شىڭئەننىڭ 2 - يىلى (مىلادى 453 - يىلى) قىرپانە بەگلىكى يەنە بىر قېتىم ۋېي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلغان. خېپىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 462 - يىلى) قىرپانە بەگلىكى غەربىي يۇرتتىكى سۇلې قاتارلىق بەگلىكلەر قاتارىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تارتۇق قىلغان. جىڭمىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 502 - يىلى) قىرپانە بەگلىكى سۇلې، كەشمىر قاتارلىق كۆپ بەگلىكلەر بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. جىڭشىننىڭ 4 - يىلى (مىلادى 507 - يىلى)، يەنچاڭنىڭ 1 - يىلى (مىلادى 512 - يىلى)، يەنچاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 513 - يىلى) قىرپانە بەگلىكى كەينى - كەينىدىن بىرقانچە قېتىم شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. («25 تارىخ، شىمالىي سۇلالە تارىخى»، شائخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، شائخەي كىتابخانىسىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 2901 - بەت).

«قىرپانە بەگلىكى پامىرنىڭ شەرقىدە، جۇجۇفىنىڭ غەربىدە. دەريا (تاشقورغان دەرياسى) بۇ بەگلىكتىن ئۆتۈپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ يەردە ئېگىز تاغلار كۆپ بولۇپ، دائىم قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، ئىنفانتىلارغا بېقىنىدۇ.» («25 تارىخ، ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شائخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، شائخەي كىتابخانىسىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 3235 - بەت)

«لياڭنامە، ياتلار تەزكىرىسى»دە، «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئەھۋالى نىسبەتەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «لياڭنامە»نىڭ غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدە، شىنجاڭ دائىرىسىدىن پەقەت ئىدىقۇت (تۇرپان)، كۇسەن (كۇچار)، ئۇدۇن (خوتەن)، چەرچەن (هازىرقى چەرچەن ئەتراپىدىكى جايلار) ۋە قىرپانە بەگلىكى (تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار) تەزكىرىسىلا تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن «لياڭنامە»نىڭ قىرپانە بەگلىكىگە ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

«قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى، تاغ جىلغىسى ئىچىدە بولۇپ، پايتەخت شەھىرىنىڭ ئايلانمىسى 10 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ. بۇ بەگلىكتە 12 شەھەر بار. ئۆرۈپ - ئادىتى ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاھالىلىرى پاختا رەختتىن تار يەڭلىك ئۇزۇن چاپان ۋە تار پېشقەدەملىق ئىشتان كىيىدۇ، بۇغداي تېرىپ ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. كالا، ئات، تۆگە ۋە قوي - ئۆچكە كۆپرەك بېقىلىدۇ. بۇ يەردىن ياخشى كىگىز، ئالتۇن، قاش تېشى چىقىدۇ. مىلادى 546 - يىلى بۇ بەگلىك لياڭ خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلغان. شاھنىڭ ئىپتىنى كىپاس ئىكەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قىرپانە بەگلىكى ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ غەربىدىكى كىچىك بەگلىك. ئۇنىڭ غەربىي قىسمى خۇاگو (ئىفتالىتلار دۆلىتى) بىلەن، جەنۇبىي قىسمى جىبىن (كەشمىر دۆلىتى) بىلەن، شىمالىي تەرىپى شالې (قەشقەر) بىلەن تۇتىشىدۇ.» («لياڭنامە، ياتلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى، 814 - بەت)

لياڭ دەۋرىدىكى «راھىبلار تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا قىرپانە بەگلىكى «چىشا بەگلىكى» (奇沙国) دەپ ئاتالغان. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» (水经注) ناملىق ئۇنىۋېرسال جۇغراپىيىلىك كىتابتا، قىرپانە بەگلىكى «چىشا جىلغىسى» (歧沙谷) ۋە جاشىلوشى» (伽舍逻逝) دەپ ئاتالغان.

«دەريا سۈيى سۇغلىقدىن باشلىنىپ شەرق ۋە غەرب يۆنىلىش بويىچە ئاقىدۇ. شەرققە قاراپ ئاقىدىغان سۇ قىرپانە بەگلىكىنىڭ شەرقىي يېنىدىن ئۆتىدۇ. شاكرانىڭ غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە قىرپانە بەگلىكى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بەگلىك بار. بۇ بەگلىك دائىرىسى ھەم كىچىك، ھەم تار. ئەمما بۇ يەر مۇقەررەر بىر ئۆتۈشمە ئۆتكەل ئىكەن. پايتەخت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر دەريا بولۇپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ يەردىن غەربكە ماڭغاندا سۇغلىق تېغىغا بارغىلى بولىدۇ. چىشا جىلغىسى (قىرپانە بەگلىكى) دىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەريا سۈيى ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى داۋاملىق شەرققە قاراپ ئېقىپ، مالائۇر بەگلىكى، ساكا بەگلىكى، چىغاپ بەگلىكى، ساكناھ بەگلىكى، پولى بەگلىكى، مەنلى بەگلىكى ۋە سۇلې بەگلىكىگە بارىدۇ. ئۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ داۋاملىق شەرققە قاراپ ئېقىپ، گۇما بەگلىكى (皮山国) گە بارىدۇ». («دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتىنىڭ 1984 - يىل نەشرى، 33 -، 34 - بەتلەر).

قىرپانە بەگلىكى تۇغرىلىق نىسبەتەن مول ماتېرىيال قالدۇرغان شەخسلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇنخۇاڭلىق بۇددىست سۇڭ يۈن بىلەن خۇيشېڭدۇر. ئۇلار ھىندىستانغا نوم ئېلىش سەپىرىدە قىرپانە بەگلىكىگە بارغان. ئۇلار مىلادى 519 - يىلى دېھقانلار كالىندارى ھېسابى بويىچە 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا قىرپانە دۆلەت چېگرىسىغا كىرگەن.

«8 - ئاينىڭ باشلىرىدا قىرپانە بەگلىكى دائىرىسىگە كىردۇق. ئۇ يەردىن غەربكە قاراپ ئالتە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن سۇغلىق (پامىر) تېغىغا چىقتۇق. ئۇ يەردىن يەنە غەربكە قاراپ ئالتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بوقاي تېغى (不可依山) غا كەلدۇق. بۇ يەر ناھايىتى سوغۇق ئىكەن، يىل بويى قار - مۇز ئېرىمەيدىكەن. بوقاي تېغىدا بىر كۆل بار ئىكەن. ئۇنىڭدا بىر زەھەرلىك ئەجدىھا تۇرىدىكەن. بىر قېتىم زەھەرلىك ئەجدىھا غەزەپلىنىپ، كۆل ئەتراپىدا ئارام ئېلىۋاتقان ۋە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بىراقلا يۇتۇۋاپتۇ. قىرپانە بەگلىكى پادىشاھى بۇ پاجىئەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاھلىق تاج - تەختىنى شاھزادىگە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئودىيانا دۆلىتىگە بېرىپ، بىراخمان دىنىنىڭ دۇئا - دەستۇرلىرىنى ئۆگىنىپتۇ. تۆت يىل بىراخمان ئەقىدە - تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ، قىرپانە بەگلىكىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ئۇ بوقاي كۆل بويىغا بېرىپ، دۇئا - ئەپسۇن

ئېيتقۇلۇپ، زەمىنلىك ئەجدىھالىق بويسۇندۇرۇپتۇ. زەمىنلىك ئەجدىھا ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ، ئەپۇ سوراپ، ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئۇنى ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى پامىر تاغلىرى ئارىسىغا ھەيدىۋېتىپتۇ. يول ئېچىلىپ، سودا كارۋانلىرى ئەسەبەرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بۇ پادىشاھ قىرپانە بەگلىكى شاھ جەمەتىنىڭ 31 ـ ئەۋلاد ۋارىسى ئىكەن.»

«بوقاي تېغىدىن يەنە غەربكە قاراپ ماڭغاندا، تاغ يوللىرى بارغانسېرى خەتەرلىكلىشىپ بارىدىكەن. تاغ ـ داۋانلار، تىك قىيالار ئاسمانغا تاقىشىدىكەن. ئېچكىرىدىكى تەيخاڭشەن تېغى، مىڭمېن تېغى خەتەرلىك بولسىمۇ، خەتەرلىكلىكى جەھەتتە بۇ تاغلارغا يەتمەيدىكەن. سۆگلىڭگە چىقىپ قەدەممۇ قەدەم ئېگىزلىككە قاراپ ماڭغاندا، پامىرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسەك يېرىگە چىققىلى بولىدىكەن. بۇ يەر ئەمەلىيەتتە ئەرزىشنىڭ يېرىمىكەن. قىرپانە بەگلىكى دەل مۇشۇ ئېگىز چوققىدىن ئورۇن ئالغانىكەن.»

«پامىرنىڭ شەرقىدە سۇ شەرققە قاراپ ئاقسا، غەربىدە غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك، كىشىلەر بۇ يەرنى «ئالەمنىڭ مەركىزى» دەپ تەرىپلىشىدىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئۆستەڭ سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ئۇلار جۇڭگودا... ئېتىزلارنىڭ يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاللاھ قانداقسىگە سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ساڭا يامغۇر چۈشۈرۈپ بېرەر دەپ ھەيران قالغان.»

«قىرپانە بەگلىكى ئاستانىسىنىڭ شەرقىدە مېڭىجىن دەرياسى شەرققە قاراپ شالې (沙勒 قەشقەر)گە قاراپ ئاقىدۇ.»

«سۆگلىڭ (پامىر)نىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولۇپ، ئوت ـ چۆپ ئۆسمەيدىكەن. 8 ـ ئايدىلا سوغۇق چۈشىدىكەن، شىمال شامىلى تۈرلىنىلارنى بۇ يەردىن بالدۇرلا كېتىشكە مەجبۇر قىلىدىكەن. قار ئۇچقۇنلىرى مىڭ چاقىرىملاپ ئۇچىدىكەن.»

«ۋ ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز دەرمەستى بەگلىكىگە يېتىپ كەلدۇق.» («ئولىياگىدىكى سائىراملار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1963 ـ يىلى نەشرى، 192 ـ، 193 ـ، 194 ـ بەتلەر)

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قىرپانە بەگلىكى غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارام ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە، قىرپانە بەگلىكىگە ئائىت مەخسۇس تەزكىرە بار.

«قىرپانە بەگلىكى (渴罗陀، 渴饭檀国، 汉陀، 喝盘陀 دەپ ئاتىلىدۇ) سۇلې بەگلىكىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. سۇلې بەگلىكىدىن غەربىي جەنۇب يۆنىلىش بويىچە جىيەنمۇ جىلغىسىغا كىرىپ 600 چاقىرىم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن قىرپانە بەگلىكىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بەگلىك قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن 4 مىڭ 500 چاقىرىم يىراقلىقتا. بەگلىكنىڭ ئورنى جوجۇقنىڭ غەربىگە، جەنۇبىي پامىر تاغلىرىغا، شىمالىي سۇلې بەگلىكىگە، غەربىي ۋاخان دۆلىتىگە، غەربىي شىمالىي پەرغانە دۆلىتى (判汉国) گە توغرا كېلىدۇ. بۇ بەگلىك سۆگلىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئاستانىسى كەينىدىن شىتو دەرياسى③ شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. جەڭگە ماھىر مىڭدەك ئەسكىرى بار. پادىشاھى ئەسلىدە سۇلېلىق بولۇپ،

تەخت ـ تاجغا نەسەپ بويىچە ۋارىسلىق قىلىنىدۇ. سۇڭلىڭ تاغلىرى پۈتكۈل بەگلىكنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ. ئادەملىرى قاۋۇل، بەستلىك، چەبدەس بولۇپ، تەقى ـ تۇرقى ۋە تىل ـ يېزىقى ئۇدۇن (خوتەن)لۇقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. دۆلەت قانۇنىدا، قاتىللىق قىلغانلار بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، باشقا جىنايەتچىلەرگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار ئېلىش ئارقىلىق جەرىمانە قويۇلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. باج ـ سېلىقلار ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك بولۇشى كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان. پادىشاھنىڭ تەختى ئالتۇندىن ياسالغان. ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپ قېتىم پايتەختكە ئەلچى ئەۋەتكەن. جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى (مىلادى 635 ـ يىلى) چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلغان. قىرپانە بەگلىكى ھالاك بولغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە «سۇڭلىڭ (پامىر) ھەربىي كەنتى» (پامىر بوقالى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تەسىس قىلىپ، ئۇنى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق مۇھىم چېگرا قاراۋۇلى قىلغان.» («يېڭى تاڭنامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1975 ـ يىل نەشرى، 6234 ـ بەت)

مىلادى 727 ـ يىلى ھىندىستانغا بۇددا نوملىرىنى ئېلىشقا بېرىپ غەربىي تىنچلاندۇرۇش باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قايتىپ كەلگەن بۇددىست خۇيچاۋ ئۆزىنىڭ «بەش ھىندى دۆلىتىگە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە، ساياھەت كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغاندا، قىرپانە بەگلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ ھەقتە مۇناسىپ خاتىرە قالدۇرغان.

«خۇمىد دۆلىتى (ۋاخان) دىن شەرققە قاراپ 15 كۈن مېڭىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، سۇڭلىڭ ھەربىي كەنتىگە يېتىپ كەلدىم. مەن ئۇ يەردە تاڭ خاندانلىقىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەرگە ئىلگىرى قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى پېشىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن. كېيىن پادىشاھ توبۇتلارغا ئەل بولۇپ كېتىپتۇ. ھازىر بۇ دۆلەت چېگرىسىدا پۇقرا ئادەتتىكى ئاھالىلىرى يوق ئىكەن. چەت ئەللىكلەر بۇ يەرنى قىرپانە بەگلىكى (竭饭檀) دەپ ئاتايدىكەن. خەن دەۋرىدە بۇ يەر سۇڭلىڭ (پامىر) دەپ ئاتىلاتتى.» («قەدىمكى غەربىي يۇرت سەپەرنامىلىرى»، نىڭشا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 ـ يىل نەشرى، 116 ـ بەت)

قەدىمكى زاماندا سۇڭلىڭدىكى قىرپانە بەگلىكىگە بارغانلار ئىچىدە ھەممىدىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى بۈيۈك تاڭ بۇددا پىر كاملى شۈەنزاڭدۇر. ئۇ ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئېلىش سەپىرىدە، پامىرنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ تارىختا تۇنجى قېتىم پامىرنىڭ جايلاشقان ئورنى، دائىرىسى ۋە ئەتراپلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرگەن ھەم يەرلىك خەلقنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسىدا «پامىر»نى «波迷罗» نامى بىلەن يېزىققا ئالغان.

«سۇڭلىڭ جامبۇ قىتئەسى (ئاسىيا قىتئەسى)نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى چوڭ قارلىق تاغ (ھىندىقۇش تېغى) بىلەن تۇتاش، شىمال تەرىپى ئىسسىق كۆل ۋە مىڭ بۇلاق بىلەن تۇتۇشىدۇ. غەرب تەرىپى قۇندۇز بەگلىكى (活国) بىلەن، شەرق تەرىپى ئۇسسار بەگلىكى (乌铩国) بىلەن تۇتۇشىدۇ. تۆت تەرىپىنىڭ يىر ـ بىرى بىلەن

بولغان ئارىلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن قاتمۇ - قات خەتەرلىك تاغ - چوققىلار ۋە تىك جىلغىلار بار. دائىم قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، ھاۋا كىلىماتى ناھايىتى سوغۇق. بۇ يەردىن ياۋا پىياز كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا، قەدىمكىلەر بۇ يەرنى سۇڭلىڭ (پىيازلىق تاغ) دەپ ئاتىغان. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى باراخسان بولغاچقا، سۇڭلىڭ (بۆك - باراخسانلىق تاغ مەنىسىدە) دەپ ئاتالغان.» («ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»گە شەرھ»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل نەشرى، 964 - بەت)

«ساياماكا بەگلىكى (商弥国) نىڭ چېگرىسىدىن شەرقىي شىمال يۆنىلىش بويىچە تاغ يولىنى بويلاپ بىرقانچە جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر خەتەرلىك قىيالىق يولدىن ئۆتتۇق. 700 چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ پامىر تۈزلەڭلىكىگە كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئارىلىقى يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ، ئەڭ تار جايلىرى ئون چاقىرىمدىن ئاشمايدۇ. بۇ يەر قارلىق تاغ بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ئىنتايىن سوغۇق ئىكەن، دائىم شامال چىقىپ تۇرىدىكەن. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدىمۇ قار يېغىپ تۇرىدىكەن. تۇپرىقى شورلۇق، قۇم - شېغىللىق بولغاچقا، زىرائەت ئۈنمەيدۇ، دەل - دەرەخ ۋە ئوت - چۆپلەرمۇ ناھايىتى شالاڭ ئىكەن. ھەممە يەر قاقاسلىق بولغاچقا، بۇ يەردە ئىنسان ياشىمايدىكەن.»

«پامىر تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەجدىھا كۆل بار ئىكەن، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 300 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 50 چاقىرىم ئىكەن. بۇ كۆل دەل پامىر تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغاچقا، جامبۇ (ئاسىيا) قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزلۈكى ئېگىز ئىكەن. كۆلنىڭ سۈيى ئەينەكتەك سۈزۈك ئىكەن، چوڭقۇرلۇقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىكەن. سۈيى كۆپكۆك، ناھايىتى تەملىك ئىكەن. كۆل ئىچىدە لەھەڭ، تىمساق، تاشپاقا بار ئىكەن. كۆل يۈزىدە ئۆردەك، ياۋا غاز، تۇرنا قاتارلىقلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. قاقاسلىقتا، چاتقاللىقتا ياكى قۇم دۆۋىلىرى ئارىلىقىدا چوڭ - چوڭ تۇخۇملارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. كۆلنىڭ غەربىي تەرىپىدە چوڭ بىر دەريا بار ئىكەن. ئۇ غەربكە قاراپ ئېقىپ دەرمەستى بەگلىكى (达摩悉铁帝国) نىڭ شەرقىي چېگرىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئوكسۇس دەرياسى (奥瑟斯河) بىلەن قوشۇلۇپ يەنە داۋاملىق غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. شۇڭا كۆلنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىكى بارلىق ئېقىنلار غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. كۆلنىڭ شەرقىدە بىر چوڭ دەريا بار ئىكەن. ئۇ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، قاسى (佉沙国) ئېلىنىڭ غەربىگە بارغاندا، شىتو دەرياسى (徙多河) بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇ يەردىن يەنە داۋاملىق شەرققە قاراپ ئاقىدىكەن. شۇڭا كۆلنىڭ شەرقىدىكى بارلىق سۇلار شەرققە قاراپ ئاقىدىكەن.»

«پامىر جىلغىسىنىڭ جەنۇبىي چوققىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز بولۇر بەگلىكى (钵露罗国) گە كەلدۇق. بۇ يەردە ئالتۇن ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئالتۇنى چوغ كەبى قىزىل ئىكەن.»

«بۇ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، يا بىرەر ئادەمنى، يا بىرەر كەنتنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. جىمى يەر كوھىستان ئىكەن. تاغ باغرىدىكى ئۈرغۈن قىيالىق يوللاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، قار - مۇز دۇنياسىغا كەلدۇق. ئۇ يەردىن 500 چاقىرىم يولنى باسقاندىن كېيىن، قىرپانە بەگلىكىگە كەلدۇق.» (يۇقىرىدىكى كىتاب. 981 -، 982 -، 983 - بەتلەر).

«قىرپانە بەگلىكىنىڭ ئايلانمىسى ئىككى مىڭ چاقىرىمغا يېتىدىكەن. پايتەختى ئېگىز تاغ ئۈستىدە بولۇپ، ئارقا تەرىپى شىتۇ دەرياسى (تاشقورغان دەرياسى) غا قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇردا سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 20 چاقىرىم كېلىدىكەن. تاغلىرى ئۆزئارا تۇتاش، ئېدىرلىرى تار ئىكەن. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ تۈرى بەك ئاز بولۇپ، پۇرچاق، بۇغداي ئوبدان ئۈسىدىكەن. دەل - دەرەخلىرى شالاڭ، ئوت - چۆپ ئاز ئىكەن. پەس جايلىرى زەيكەش بولغاچقا، ئولتۇراق جايلىرى دۆڭ ئۈستىدە ئىكەن. شەھەر بازىرى خىلۋەت، ئازادە ئىكەن. كىشىلىرى ئەدەپسىز، ھۈنەر ئۆگىنىدىغانلىرى ئاز ئىكەن. خۇلق - مىجەزى چۇس، ئەمما قاۋۇل، بەستلىك ئىكەن. چىرايى كۆركەمسىز بولۇپ، يۇڭدىن كىيىم كىيىشىدىكەن. تىل - يېزىقى قاسى (法沙国) لىقلارنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردىكىلەر ياۋاش، مۇلايىم، سەمىمىي، ساددا ئىكەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بەگلىكنىڭ 10 دەك ئىبادەتخانىسى، 500 دەك راھىبى بار ئىكەن. بۇددا دىنى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرى بۇ يەردە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىكەن.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 983 - بەت).

«قىرپانە بەگلىكىنىڭ ھازىرقى شاھى سەمىمىي، ساپ دىل، مۇلايىم، ئەدەبلىك، بىرلىپ ئۆگىنىدىغان كىشى ئىكەن. بەگلىكنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى چىنا دېۋاگوترا (خەن مەلىكىسى بىلەن قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بەگلىكنىڭ زېمىنى پامىردىكى قاقاس باياۋاندىكەن. كېيىن پارس شاھى خەن مەلىكىسىنى ئالماقچى بولۇپتۇ. مەلىكە پارسقا قاراپ سەپەرگە چىقىپ، بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇرۇش - نىزا تۈپەيلى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش توسۇلۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە بىر تەنھا ئېگىز چوققىدا تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ چوققا ئىنتايىن تىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، پەلەمپەي ئارقىلىقلا چىققىلى بولىدىكەن. چوققا ئاستىدا قاراۋۇلخانىلار باربولۇپ، مەلىكىنى كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، جاھان تىنجىپ، يوللار ئېچىلىپتۇ. لېكىن مەلىكە ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىرلەر ئالاقزادە بولۇپ: پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەلىكىنى خەن زېمىنىدىن بۇ قاقاس باياۋانغا ئېلىپ كەلگەنىدۇق. ئوتتۇرىدا ئالىتوپىلاڭ، ئۇرۇش - نىزالار بولۇپ توسۇلۇپ قالدۇق، مانا ئەمدى يول ئېچىلىپ، ماڭايلى دېگەندە، مەلىكە ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى بېشىمىزغا چوڭ بالايىئاپەت كەلدى، بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالماي قالدۇق، چوقۇم گۇناھكارنى تېپىپ جازالاش كېرەك، ياكى مەلىكىنى جازالاش كېرەك، دېيىشىپتۇ ھەمدە بارلىق كىشىلەردىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ھېچكىم قانداق بولغانلىقىنى دەپ بېرەلمەپتۇ. ئاخىر مەلىكىنىڭ خاس كېنىزىكى ۋەزىرگە: ۋەزىر جانابلىرى، ۋەھىمە يېمىسىلە، بۇ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغان ئىش، مەن ھەر كۈنى چۈشتە قۇياشتىن بىر ئاتلىق يىگىتنىڭ

چۈشۈپ، مەلىكە بىلەن مالاقەتتە بولغانلىقىنى كۆردۈم، دەپتۇ. ۋەزىر: ئىش شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنى ھېچكىمدىن كۆرگىلى بولمايدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىمنى جازالاشقىمۇ بولمايدۇ، ئەمما بىز ھازىر ئارقىمىزغىمۇ يانالمايدىغان، ئالدىمىزغىمۇ ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدۇق، ئەمدى نەگە بارارمىز؟ دەپتۇ. كۆپچىلىك: بولغۇلۇق بولدى، نەگىلا بارساق جازاغا تارتىلىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالساق، چېگرا سىرتىدا گۇناھ قىلغانلارغا جازا كەلمەيدۇ، دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ تاغ چوققىسىدا ئايلانمىسى 300 قەدەمدىن ئارتۇق كېلىدىغان ئوردا ياساپتۇ. مەلىكىنى ئوردىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە باش قىپتۇ. ئوردا ياسىلىپ پۈتكەندە، مەلىكە ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئوغۇلنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپتۇ، ئانىسى ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ پادىشاھنىڭ داڭقى ئەل ئارىسىدا تارىلىپ، بەگلىكى روناق تېپىپتۇ. ئەتراپتىكى نۇرغۇن بەگلىكلەر ئۇنىڭغا ئەل بوپتۇ. پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جەسىتى مۇشۇ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 100 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى تاش ئۆڭكۈرگە قويۇلۇپتۇ. جەسەت ياخشى مومىيالانغانلىقتىن، ھازىرغىچە ئەسلىدىكى پېتىنى ساقلاپ، بۇزۇلماي، خۇددى ئۇخلىغاندەك ساق تۇرۇپتۇ. كىشىلەر پات-پات كېلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، كۈجە كۆيدۈرۈپ، روھىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرغىچە پادىشاھلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئانا تەرەپتىن خەن مەلىكىسىنىڭ ئەۋلادى، ئاتا تەرەپتىن قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئۆزلىرىنى «خەن مەلىكىسى بىلەن قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى» دېيىشىدىكەن. پادىشاھنىڭ چىرايى جوڭگولۇقلارغا ئوخشايدىكەن. بېشىغا چاسا تاج، ئۇچىسىغا سوغدىلارچە كىيىم كىيىدىكەن. بەگلىكنى ئادالەت بىلەن سورىغانلىقتىن، دۆلىتى باي ۋە قۇدرەتلىك ئىكەن.»④

(يۇقىرىدىكى كىتاب، 984-، 985-بەتلەر)

«ۋۇيۇ شاھ (无忧王)⑤ تەختكە چىقىش بىلەن تەڭلا ئۆزىنىڭ شاھ ئوردىسىدا ناھايىتى كۆركەم ۋە كاتتا بۇددا مۇنارىنى سالدۇرغان. كېيىن پادىشاھ شاھ ئوردىسىنى شەرقىي شىمال بۇرجەككە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەخت-تاجلىق ئوردىسىنى پىركامىل تۇڭشۇغا بوشىتىپ بەرگەن. ئۇ بۇ يەردە تۇڭشۇغا ئاتاپ، ئىمارەتلىرى ھەشەمەتلىك، بۇتلىرى سۈرلۈك بولغان ئىبادەتخانا سالدۇرغان. راھىب تۇڭشۇ ئەسلىدە تاكساسىلا دۆلىتى⑥نىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا پەم-پاراسەتلىك ئىدى. ئۆيىدىن ئايرىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن نوم ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئىخلاسمەن بۇددىست بولغان. ئۇ بىر كۈندە 32 مىڭ خەتنى ئوقۇپ 32 مىڭ خەتنى يازالايدىكەن. شۇڭا بىلىمدە كامالەتكە يېتىپ، ئەل ئارىسىدا داڭ چىقارغانىكەن. ئۇ توغرا ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناتوغرا ئىشلارنى چەكلىگەن. ئۇنىڭ سۆزى ئۆتكۈر، ھەرىكىتى پاك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئاقابىل تۇرغانلاردىن يېڭىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن. شۇڭلاشقا شانۇ شەۋكىتى بەش ھىندى دۆلىتى⑦گە تارقالغانىكەن. ئۇ يازغان ئون كىتاب تېز تارىلىپ، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمىغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلىرى مۇقەددەس نومغا ئايلانغان. ئەينى زاماندا شەرقتىكى ماملىڭ، جەنۇبتىكى تېبۇ، غەربتىكى لۇڭشۇ، شىمالدىكى تۇڭشۇ⑧ ئالەمنى تۆت تەرەپتىن يورۇتقۇچى تۆت قۇياش⑨ دەپ ئاتالغان. قىرپادە بەگلىكىنىڭ شاھى تۇڭشۇنىڭ نام-شۆھرىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،

لەشكەر تارتىپ، تاكى ئاسلا دۆلىتىگە يۈرۈش قىلىپ، تۆگىشۈلى زورلۇق بىلەن ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلگەن⑩ ھەمدە مۇشۇ ئىبادەتخانىنى ياساپ، ئۇنىڭدىن ئىخلاس بىلەن بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 987 - بەت)

«قىرپانە بەگلىكى پايتەختىدىن شەرقىي شىمال يۆنىلىش بويىچە مېڭىپ، نۇرغۇن تاغ ۋە خەتەرلىك قىيا - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، 200 چاقىرىم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، بىز بىر قەدىمىي ساخاۋەتخانا⑪ بار يەرگە كەلدۇق. بۇ ساخاۋەتخانا سۇڭلىڭ (پامىر)نىڭ شەرقىدىكى تۆت تاغ ئارىسىدا بولۇپ، 100 گېكتار ئەتراپىدىكى دائىرە ئىچىدە ئىكەن. بۇ يەر يىلبويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، سوغۇق بوران دائىم چىقىپ تۇرىدىكەن. تۇپرىقى شورلۇق بولغاچقا، زىرائەت ئۆسمەيدىكەن. دەل - دەرەخ يوق ئىكەن. شالاڭ ئۆسكەن ئوت - چۆپتىن باشقا ھېچنېمە ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. ئىسسىق تومۇز كۈنلىرىدىمۇ جۇت بولۇپ، شىۋىرغان چىقىپ تۇرىدىكەن. سەپەرچىلەر مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنى گويا بۇلۇت ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىشىدىكەن. سودا كارۋانلىرى بۇ خەتەرلىك جايدا دائىم زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدىكەن. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى ئون مىڭ سودىگەر بۇ يەرگە كەلگەندە، قار - شىۋىرغاندا قېلىپ، پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىپتۇ. قىرپانە بەگلىكى دۆلەت ئارخاتىدىن⑫ بىرنى ئەۋەتىپ، ئۆلگەن كارۋانلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يىغىپ، ئاشۇ يەردە بىر ساخاۋەتخانا سالدۇرغان. ساخاۋەتخانىدا يولۇچىلارغا ئېھتىياجلىق يېمەك - ئىچمەك ۋە دورا - دەرمەك قاتارلىق لازىمەتلىك بۇيۇملار ھازىرلانغانىكەن. قوشنا دۆلەتلەردىن يەر سېتىۋېلىپ، ئۆتەڭ - رەباتلارنى بەرپا قىلىپ، سودا يولىنى راۋانلاشتۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، سودا كارۋانلىرى مۈشكۈلاتقا ئۇچرىغاندا، خالىسانە ياردەم ۋە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشىدىكەن.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 989 - بەت)

«شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى چوڭ تاغدا ئىككى ئۆڭكۈر بولۇپ، ھەربىر ئۆڭكۈردە بىردىن ئارخات جەسىتى ھەيكەل كەبى تىك ئولتۇرغان. ئۇلار ناھايىتى ئاجىز كۆرۈنىسىمۇ، تېرە - سۆڭەكلىرى قىلچىمۇ بۇزۇلمىغان. ئۇلار مۇشۇ ھالەتتە 700 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۇزۇن ئۆسكەن. ھەر يىلى راھىبلار قارارلىق كېلىپ، ئۇلارنىڭ چېچىنى ياساپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 988 - بەت)

«بۇ يەردىن شەرققە قاراپ ماڭغاندا، ئېگىز تاغ - داۋانلاردىن، خەتەرلىك تىك جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، 800 چاقىرىم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، پامىر تاغلىرىدىن چىقىپ، ئۇسا بەگلىكى (乌铩国) گە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. ئۇسا بەگلىكىنىڭ ئايلانمىسى مىڭ چاقىرىم ئەتراپىدا، ئاستانىسى ئون چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇبىي شىتو دەرياسى (يەركەن دەرياسى)غا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇسا بەگلىكىنىڭ يېرى مۇنبەت، دەل - دەرەخلىرى باراقسان ۋە زىرائەت، مېۋە - چېۋىلىرى مول ئىكەن، بۇ يەردىن ياخشى قاشتېشى چىقىدىكەن... تىل - يېزىقى قەشقەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنداق

ئېھادەتخانىسى، مىگدەلى راھىبى بار. بۇ بەگلىكنىڭ قىرپانە بەگلىكىگە قارام بولغىنىغا نەچچە يۈز يىللار بولۇپتۇ.» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 990-بەت)

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» (太平御览)، «كىتابلار جەۋھىرى» (册府元龟)، «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» (中国经营西域史) ۋە ھەرقايسى تارىخنامىلەرنى شەرھلەيدىغان تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ قىرپانە بەگلىكىگە ئائىت قىسمەن ماتېرىياللار بار. لېكىن بۇ ماتېرىياللار ۋاسىتىلىك خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بىز يۇقىرىدا توپلىغان ئەسلىدىكى بىۋاسىتە ماتېرىياللارنى ئوخشىمىغان مەۋقە ۋە نۇقتىلاردىن دەلىللەشنى مەقسەت ۋە نىشان قىلغان، خالاس.

---

ئىزاھلار:

① «قىرپانە بەگلىكى» — ئېلىمىز تاجىكلىرى تارىخىدىكى بىر بەگلىك. بەگلىكنىڭ نامى ئېنىقكى خىل شەرھلەنمەكتە. بىرى، تاجىكچە «قىرپانە» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مەنىسى «تاغ يولى دۆلىتى» دېگەندىن ئىبارەت. يەنە بىرى، سانسكرىتچە «كاۋانتا» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، كونكرېت مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

② «سۇڭلىڭ» (葱岭) — پامىرنىڭ «خەننامە»دە قوللىنىلغان خەنزۇچە نامى. بۇ نامنىڭ مەنىسى توغرىلىق ئىككى خىل يەشمە بار: بىرى، پامىرنىڭ تاغلىرىدا ياۋا پىياز كۆپ بولغاچقا، پامىر «سۇڭلىڭ» (پىيازلىق تاغ مەنىسىدە) دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى، پامىرنىڭ تاغلىرى ئېگىز ۋە يۇك-باراقسان بولغاچقا، پامىر «سۇڭلىڭ» (يۇك-باراقسانلىق ئېگىز تاغ مەنىسىدە) دەپ ئاتالغان.

③ «شىتۇ دەرياسى» (徒多河) قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا كەڭ مەنىدە يەكەن دەرياسىنى، تار مەنىدە تاشقورغان دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. بىرى، قەدىمكى ئەنەتكەك (سانسكرىت)چە «si:e» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ سانسكرىتچە ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. يەنە بىرى، تاجىكچە «شىتۇ» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، مەنىسى «مۇز دەريا» بولۇپ، تاشقورغان دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

④ بۇ رىۋايەت شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، «قىرپانە بەگلىكى رىۋايىتى» نامى بىلەن ئاتالغان. تاجىكلار ئارىسىدا مەزكۇر رىۋايەت «مەلىكە قورغان رىۋايىتى» ياكى «قىز قورغان رىۋايىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. «مەلىكە قورغان» ياكى «قىز قورغان»، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئارخېئولوگ سىتەيىننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن دۇنياغا داڭ چىقارغان. ئۇ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ناھىيە مەركىزىگە جەنۇبتىن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بىر ئېگىز تاغ ئۈستىدىن ئورۇن ئالغان. تارىخى ئاز كەم ئىككى مىڭ يىلغا يېتىدۇ.

⑤ «ۋۇيۇ شاھ (无忧王)» «شاھى ئاسوكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى تاشقورغان «قىرپانە بەگلىكى»نىڭ پادىشاھى، تەقۋادار بۇددىست. شۈەنزاڭنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «سەمىمىي، ساپ دىل، مۇلايىم، ئەدەبلىك، بىرلىكتە ئۆگىنىدىغان كىشى ئىكەن».

⑥ «تاكاسلا دۆلىتى (坦叉始罗国)» غەربىي يۇرتىمىزدىكى قەدىمكى ئەل بولۇپ، ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

⑦ بەش ھىندى دۆلىتى (五天竺国) قەدىمكى ھىندىستاننىڭ نامى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ھىندىستان، شىمالىي ھىندىستان، غەربىي ھىندىستان، شەرقىي ھىندىستان ۋە جەنۇبىي ھىندىستان دەپ بەشكە بۆلۈنىدۇ.

⑧ تۇغشۇ (童受) «كۇمارالادا (鸠摩罗多)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ تاكاسلا دۆلىتىدە تۇغۇلغان. بۇددا نومى تەرغىباتچىلىقىدا كاتتا شۆھرەت قازانغانلىقى ئۈچۈن، «مەشھۇر بۇددا پىرى»، «ئالەمنى تۆت تەرەپتىن يورۇتقۇچى تۆت قۇياشنىڭ بىرى» دەپ نام ئالغان.

⑨ «ئالەمنى تۆت تەرەپتىن يورۇتقۇچى تۆت قۇياش (四日)» — ھىندىستاننىڭ بۇددىزىم تارىخىدا تۆت بۈيۈك مۇتەپەككۇرنىڭ ئوبرازلىق ئاتىلىشى. «تۆت قۇياش» — شەرقتىكى ماملىق، جەنۇبتىكى تىبۇ، غەربتىكى لۇڭشۇ، شىمالدىكى تۇغشۇ بولۇپ، بۇلار بۇددا دىنى تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي شەخسلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

⑩ بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، قىرپانە بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋۇيۇ (ئاسوكا) شىمالىي ھىندىدىكى بۇددا پىرى تۇغشۇنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىگە مۇبارەك قەدەم تاشلاپ، تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. لېكىن تۇغشۇ بۇ تەكلىپنى بەك نەزەرگە ئېلىپ قويمىغان. بۇنىڭدىن دىلى رەنجىگەن شاھى ئاسوكا راھىب تۇغشۇنىڭ تۇرغان يېرىنىڭ ئۆزىدىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن «لەشكەر تارتىپ، تاكاسلا دۆلىتىگە يۈرۈش قىلىپ»، تەكلىپ بىلەن كېلىشكە ئۇنىمىغان تۇغشۇنى قورال كۈچى بىلەن ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئوردىسىنى تەختى بىلەن تۇغشۇغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزىگە يېڭىدىن ئوردا سالدۇرغان. تاشقورغاندىكى قەدىمكى تاش شەھەرنىڭ ئىچكى شەھەر ۋە تاشقى شەھەر دەپ ئىككى قورۇلمىلىق بولۇشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغانىكەن.

⑪ «ساخاۋەتخانا (稹舍罗)» — شىلوەنزاڭنىڭ بايانى ۋە ستەيىننىڭ دەلىللىشىدىن قارىغاندا، بۇ ساخاۋەتخانا ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئاسمان پەلەك چېچەكلىك داۋانغا توغرا كېلىدۇ. بۇ داۋان ئېرش كەبى ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ مۇقەررەر ئۆتۈشمىسى ئىدى. ھازىرمۇ بۇ يەردە قۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۆتەڭ - قونالغۇلارنىڭ خارابە ئىزلىرى بار. قەدىمكى «چىل گۈمبەز» (قىرىق گۈمبەز)مۇ مۇشۇ يولدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، يىراق ئۆتمۈش كارۋان يولىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە پامىر ئېگىزلىكىدە تۈگىمەس يىل، ئاي ۋە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە.

⑫ «ئارخات (罗汉)» — سانسكرىتچە ئاتالغۇ بولۇپ، بۇددا دىنى ئەقىدىسى بويىچە بۇددا تەلىماتچىلىقىدا ئەڭ يۇكسەك تۈمەپە يارىتقان پىركامىلنى كۆرسىتىدۇ. تېكىستتە دېيىلگەن ئۆڭكۈردىكى تىك ئولتۇرغان ئىككى جەسەت ئەنە شۇنداق ئارخاتلاردىن ئىكەن.

# ئۆلكە تەسىس قىلىنىش ھارپىسىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى-تاشقى ئەھۋالى

نۇرۇللا مۆمىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۆلكە تەسىس قىلىنىش ھارپىسىدا، شىنجاڭدا، ئىچكى جەھەتتە، ھەر قايسى يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن چىرىك چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن قاتتىق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەنلىكى، تاشقى جەھەتتە، روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى يۇتۇۋېلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەنلىكى؛ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشى، شىنجاڭدا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشى، مەجبۇرىي جەھەتتە ئۆلكە تەسىس قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنى ئاساس قىلغان فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئىنتايىن كۈچەيدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زەئىپلىشىپ، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشتى، دۆلەت مۇداپىئەسى ئاجىزلاشتى، مالىيىسى خازابلاشتى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادىكى بىر قىسىم كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر بەس-بەس بىلەن ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئېلىمىزدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلەر كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. 1851-يىلى پارتلىغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىدىن باشلاپ، يۈننەن، شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق رايونلاردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن خەلق ئىنقىلابى پارتلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى تولۇق كونترول قىلىشقا قۇربى يەتمەيتتى. ئەسلىدە «خانىدانلىق تەرىپىدىن يىلىغا شىنجاڭدىن ئېلىنىدىغان پۇل-ئاشلىق ۋە ئولپان ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈشتىن ئاشمايتتى، لېكىن ئەمەلدارلار ئۇنى بەلگىلەنگەن ئۈلۈش بويىچە تولۇق يىغىۋالغاندىن سىرت، تۈرلۈك ناملار بىلەن پۇقرالارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، يۇقىرى-تۆۋەن بىرلىشىپ بۇلىشىۋالاتتى». ① چىڭ سۇلالىسى

ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشنى بايلىق توپلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلەتتى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مانا مۇشۇنداق ئېغىر زۇلۇملار تۈپەيلىدىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قىلىپ، ئاخىرى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. 1857-يىلىدىكى كۇچار دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىكى كۈرىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى. بۇ بىر قاتار دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلار بىرمۇنچە ئاجىزلىقتىن خالى ئەمەس ئىدى. «ئەمگەكچىلەر كۈرەش جەريانىدا روشەن كۈرەش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، كۈچلۈك رەھبەرلىك شەكىللەنمىگەن، يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار دەسلەپتىلا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا كىرىۋالغان ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالغانىدى.» ② نەتىجىدە ھەرقايسى جايلاردا قۇرۇلغان فېئودال بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرمۇ ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىش ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز ئارا ئۇرۇشلارنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. بۇ خىل ئەھۋال بىر قىسىم جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

1864-يىلى يازدا، قىرغىزلارنىڭ كاتتىبېشى سىدىق بەگ قەشقەردە پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەشقەر كونا شەھەرنى ئىگىلىۋالدى ۋە ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە يېڭىساردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئىزچىل تۈردە قارشىلىق كۆرسەتتى. سىدىق بەگنىڭ قوزغىلاڭچى كۈچلىرى نىسبەتەن ئاجىز بولغاچقا، بۇ ئىككى جايدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مادارى يەتمەيتتى. شۇ ۋەجىدىن، سىدىق بەگ پەيزىۋاتتىكى خۇيزۇلارنىڭ كاتتىبېشى جىن شاڭبىن قاتارلىقلارنى قوقان خانلىقىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلدى. قوقان خانلىقىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي-مەمۇرىي ھۆكۈمرانى ئالىمقۇل ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، شەرقتىن كېلىدىغان تەھدىتنى ئاجىزلىتىش مەقسىتىدە، قول ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپ بەگنى بۇرھانىدىننىڭ چەۋرىسى بوزرۇكخان تۆرە بىلەن بىللە قەشقەرگە ئەۋەتتى.

ياقۇپ بەگ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ خوجىلارغا بولغان ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋالدى. ئۇ ئالدى بىلەن بوزرۇكخان تۆرىنى خانلىق تەختىگە چىقىرىپ، سىدىق بەگنى چەتكە قاقتى، ھەتتا ئۇنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىللە قەشقەر كونا شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. سىدىق بەگ قىرغىزلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ بىر نەچچە قېتىم قەشقەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى.

ياقۇپ بەگ قەشقەرنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ، شىنجاڭدىكى فېئودال يەرلىك

بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى ۋە شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم رايونلارنى ئىشغال قىلىپ، ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى قۇردى. 1869 - يىلى، ياقۇپ بەگ «ھەج قىلىپ كېلىش» نامى بىلەن بۇزرۇكخان تۆرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى شىنجاڭدىن سىقىپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، ياقۇپ بەگ «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ بىردىنبىر خانىغا ئايلاندى. «ياقۇپ بەگ بىر خىل ھەربىي فېئوداللىق سۈيۈرغال تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە ئەزدى ۋە خالىغانچە تالان - تاراج قىلدى. ياقۇپ بەگنىڭ ئېغىر زۇلمى نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق نامراتلىشىپ ھەتتا قول ئېلىش - سېتىش قاتارلىق تارىختىكى چېكىنىش ھادىسىلىرىمۇ مەيدانغا كەلدى.» ③

شىنجاڭدىكى بىر قاتار پاراكەندىچىلىكلەر ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا روسىيە ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ھىندىستان ئارقىلىق داۋاملىق تۈردە ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش كۈرىشىنى جىددىيلەشتۈردى. ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى قۇرۇشى ئارقىسىدا، روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا جىددىي ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى.

روسىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونىنى تەنھا يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى بۇرۇندىنلا بار ئىدى. روسىيە 1866 - يىلى قوقان خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. 1866 - يىلى روسىيە ياقۇپ بەگ بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر - بىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ئارىلاشماسلىق ھەققىدە بىر قاتار توختاملارنى تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا ئۈزلۈكسىز ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە تېكەس دەرياسى ۋادىلىرىنى ئىگىلىۋالدى. 1871 - يىلى 5 - ئايدا، روسىيە قوشۇنلىرى ئىلىغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا چۆچەك، شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى.

چارروسىيە غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى رايونىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 1872 - يىلى 5 - ئايدا شىتاب باشلىقى باروۋن كولباروسنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ سوۋغا - سالام بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىپ، 1872 - يىلى 6 - ئايدا ياقۇپ بەگ بىلەن «روسىيە - ياقۇپ بەگ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: روسىيە ياقۇپ بەگنىڭ «يەتتە شەھەر خانلىقى»نىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش؛ بۇنىڭ بەدىلىگە چارروسىيە جەنۇبىي شىنجاڭدا سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، سودا سارايلىرىنى قۇرۇش؛ روسىيە سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەرگە بارالايدىغان بولۇش، روسىيە تاۋارلىرىنىڭ چېگرا بېجى 2.5 پىرسەنت بولۇشتەك ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، روسىيە شىنجاڭغا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

ئەنگلىيىمۇ روسىيە كۈچلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ياقۇپ بەگنى ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق روسىيىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. 1868-يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى روبېرت شاۋنى ياقۇپ بەگكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، روبېرت شاۋ قەشقەرگە كېلىشى بىلەنلا، ياقۇپ بەگنىڭ ئىززەت-ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. روبېرت شاۋ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ھەر خىل ئاخباراتلارنى توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇردى.

1873-يىلى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى فورسىيس قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، ياقۇپ بەگكە مىلتىق، كىچىك تىپتىكى زەمبىرەك قاتارلىق قورال-ياراقلارنى ھەدىيە قىلدى. 1874-يىلى ئەتىيازدا، ئىككى تەرەپ «ئەنگلىيە- ياقۇپ بەگ شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، ئەنگلىيە ياقۇپ بەگنىڭ «يەتتە شەھەر خانلىقى» نىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش؛ بۇنىڭ بەدىلىگە ئەنگلىيە قەشقەردە سودا قىلىش، كونسۇلخانا قۇرۇش، سودا ۋەكىلى تۇرغۇزۇش-تەك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇش ۋە ئەنگلىيە تاۋارلىرىنىڭ چىگرا بېجى 2.5 پىرسەنت بولۇش بەلگىلەنگەن.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يەنە تۈركىيە ئارقىلىقمۇ شىنجاڭدا بەزى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. تۈركىيە سۇلتانى ياقۇپ بەگنىڭ «يەتتە شەھەر» نىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا «مىراخور»* لۇق ئەمەلىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىمۇ كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. ياقۇپ بەگمۇ ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ئەنگلىيىگە غايەت زور ھوقۇق ئىمتىيازلارنى بەردى. ياقۇپ بەگ ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ئەنگلىيە پادىشاھى ئىلىزابېتنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مىننەتدارلىق بىلەن: «كارولېۋا قۇياشقا ئوخشايدۇ، مەندەك بىچارىلەر ئۇنىڭ ئىللىق نۇرىدىلا ياخشى ئۆسۈپ گۈللىنەلەيمىز. مەن ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ھۆكۈمرانىڭلار ئادىل. بۇ يول ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ئوچۇق، بۇ يەردىن لوندونغا ھەر قانداق ئادەم ئەركىن بېرىپ كېلەلەيدۇ» دېگەن. ④ نەتىجىدە، ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سودا ۋە ئىقتىسادىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، خەلقنى تېخىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە ۋە روسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەربىي قىسىملارنى ئات-ئۇلاق، ئوزۇق-تۈلۈكلەر بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن خەلقنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، كەڭ ئامممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى.

---

* «مىراخور» — ئوسمانلى تۈرك سۇلتانلىقى دەۋرىدە، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ ئات-ئۇلاقلىرىغا مەسئۇل قوماندان.

دەرۋەقە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياقۇپ بەگنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى باتۇرانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆلىمى ئەڭ زور، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى ئۈرۈمچىدە پارتلىغان سۇي شۆكۈڭ رەھبەرلىكىدىكى خەنزۇلار قوزغىلىڭى ئىدى. گەرچە بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاخىرى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ھەر قايسى جايلاردىكى فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىشكە باشلىدى. بەزى فېئوداللار ياقۇپ بەگنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتتى، ھەتتا بەزى ئەمەلدارلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار مەسىلىلەر ۋە چاررۇسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى يۈز بېرىپ، باشتىن ئاخىر تەسلىمچىلىكنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەن لى خۇڭجاڭ گۇرۇھىدىكىلەر «ھەربىي خىراجەت يېتىشمەيدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، «شىنجاڭ رايونى قايتۇرۇۋېلىنمىسىمۇ دۆلەتكە ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ» دېيىشتى. زوزۇڭتاڭ گۇرۇھىدىكىلەر بولسا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ، «رۇسلارنىڭ غەربىي شىمالنى ئىگىلىۋېلىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلغاندىلا، ئاندىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي جەنۇبتا پاراكەندىچىلىك چىقىرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ»⑥ دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخىر زوزۇڭتاڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ، 1875 - يىلى 5 - ئايدا، زوزۇڭتاڭنى «خان مۇپەتتىشى» مەنسىپىگە تەيىنلەپ، شىنجاڭغا ئەسكەر چىقىرىشنى قارار قىلدى.

1876 - يىلى 3 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈچكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى. قوشۇنلار شىنجاڭ چېگرىسىغا كىرىشى بىلەنلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قازىنىپ ئۈرۈمچى، قۇتۇبى، سانجى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ بىر قاتار مەغلۇبىيەتلىرىدىن كېيىن، ئىنتايىن ساراسىمىگە چۈشتى، ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھالاكىتى روشەنلىشىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ياقۇپ بەگ كورلىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىلگىرىلەپ 1877 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى، ئارقىدىنلا خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، ئىلىدىن باشقا رايونلارنى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ياقۇپ بەگنى مەغلۇپ قىلىپ قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى تېزلىكتە قايتۇرۇۋېلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئىرادىسىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلۈدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى.

1878 - يىلى 6 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چۇڭ خۇنى ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن روسىيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. چۇڭ خۇ چارروسىيىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، 1879 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن «چۇڭ خۇ شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيىگە «ئىلىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇۋېلىپ، ۋاكالىتەن ساقلاپ تۇرغان ھەربىي راسخوتى ئۈچۈن» بەش مىليون روبلى تۆلەش؛ تارباغاتاي ۋە قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى جاينىڭ چېگرا پاسىلىغا چاروسىيە بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش؛ قورغاس دەرياسىنىڭ غەرپ تەرىپى ۋە تېكەس دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلارنى روسىيىگە بۆلۈپ بېرىش؛ تيەنجىن، خەنكولارغا بارىدىغان ئىككى قۇرۇقلۇق يولى ئېچىش؛ چارروسىيىنىڭ ئۇرۇمچى، ئۇلىياستاي، قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن.

بۇ شەرتنامە خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى روسىيىنىڭ بۇ خىل قارا نىيىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. زوزۇڭتاڭمۇ چىڭ ئوردىسىغا خەت سۇنۇپ روسىيىگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، 1880 - يىلى 1 - ئايدا، چۇڭ خۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۆلۈمگە بۇيرىدى ۋە كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تۈرمىگە سولىدى. 2 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان نوتىسىدا: چۇڭ خۇ سۆھبەتتە «يارلىققا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ» قول قويغان بۇ شەرتنامىگە «توسالغۇ ئىنتايىن زور بولغانلىقتىن، ئۇنى ئىجرا قىلىش مۈشكۈل»⑧ دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى زىڭ جىزېنى قوشۇمچە روسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، شەرتنامىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش توغرىسىدا روسىيىگە سۆھبەتكە ئەۋەتتى. زوزۇڭتاڭنى قايتىدىن «خان مۇپەتتىشى» مەنسىپىگە تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ «چۇڭ خۇ شەرتنامىسى» نى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ھەربىي جەھەتتە تەھدىت سالدى. زوزۇڭتاڭمۇ ھەربىي مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدى. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيىنىڭ بۇ خىل ھەربىي تەھدىتى ئالدىدا تىزپۈكۈپ، چۇڭ خۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى ھەتتا زىڭ جىزېغا بۇ ئىشنى روسىيە ھۆكۈمىتىگە ئالاھىدە ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلىدى. زوزۇڭتاڭمۇ شىنجاڭدىن يۆتكىۋېتىلدى. 1880 - يىلى 7 - ئايدا، زىڭ جىزې روسىيىگە سۆھبەتكە باردى، ئۇ چارروسىيىنىڭ تەھدىت سېلىشىغا قارىماي، يېرىم يىلدىن ئارتۇق قايتا - قايتا بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىر 1881 - يىلى 2 - ئايدا، پېتېربورگدا «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: روسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشى؛ روسىيىنىڭ پەقەت جايۇيگۇەن، تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككىلا جايدا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى، «چۇڭ خۇ

شەرتنامىسى» دە بەلگىلەنگەن تېكەس دەريا ۋادىسىنى روسىيىگە كېسىپ بېرىش دېگەن ماددىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، ئىلى ئاھالىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىدا قېلىپ جۇڭگو پۇقراسى بولۇش ياكى روسىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن.

بۇ شەرتنامىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيىدىن بىر قىسىم ئىگىلىك ھوقۇقلارنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي قىرغىقىدىكى كەڭ زېمىنلار يەنىلا روسىيىگە بۆلۈپ بېرىلدى. جۈملىدىن بۇ قېتىمقى شەرتنامە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشىگە سەۋەب بولدى. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1881 - يىلىدىن 1884 - يىلىغىچە ئىلى رايونىدىن «45 مىڭ 373 كىشى»⑨ يەتتە سۇغا كۆچۈرۈلگەن.

«ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ ئىلى رايونى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى چىڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىلىق تەكلىپ بەردى. 1882 - يىلى 5 - ئايدا، شەنشى - گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى تەنجۇڭلىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش» ھەققىدە تەكلىپنامە سۇندى، 1882 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ليۇجىنتاڭ تەن جۇڭلىن بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ يوللاپ: «زورمالىمانچىلىق، سورۇقچىلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ، ئىشنى بىر يولىلا پۈتتۈرۈشنىڭ چارىسى ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىش، بۇنىڭدىن باشقا ئاقىلانە تەدبىر يوق» ⑩ دەپ كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. 1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (گۇاڭشۇينىڭ 10 - يىلى) ليۇجىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ سەييارە ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ يەنىلا خان مۇپەتتىشلىك سالاھىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا رەسمىي ئۆلكە تەسىس قىلىندى. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ «ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ــ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىش بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى؛ يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەر ئاجىزلاشتى، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

ئىزاھلار:

① ماسۇكۇن «ئىسلام دىنى ۋە 1864 - يىلدىكى شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1987 - يىللىق 10 - سان، 3 - بەت.

② بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1990 - يىللىق 3 - سان، 82 - بەت.

③ يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخى»، 281 - بەت.

④ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گورۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 433 - بەت.

⑤ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخي ئەمنىيە»، 323 - بەت.

⑥ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 182 - بەت.

⑦ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تاشقى مۇناسىۋەت تارىخي ماتېرىياللىرى»، 19 - جىلد، 3 - بەت.

⑧ يۇنۇسجان: «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1990 - يىللىق 1 - سان، 142 - بەت.

⑩ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 471 - 472 - بەتلەر.

# يىپەك يولىدىكى بوياقچىلىق تېخنىكىسى

مامۇت قۇربان

**قىسقىچە مەزمۇنى** بۇ ماقالىدە، بوياقچىلىق ۋە رەڭ تاللاش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ مىلادىيەدىن خېلى ئىلگىرىلا غەربىي يۇرتتا بارلىققا كەلگەنلىكى، بوياقچىلىق ئىشلىرىدا يۇلغۇن چېچىكى، ئانار پوستى، ياڭاق پوستى، گۈلسۈرۈق، لەيلىگۈل (كارتام گۈلى)، زاراڭزا چېچىكى ۋە ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ چېچىكى، سۈمۈق (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات)، قىزىلتاش (قىزىل تۆمۈر رودىسى)، كۆكتاش (مىس سۇلفات)، كېل (مانگان (IV) - ئوكسىدى) قاتارلىق تەبىئىي بوياقلارنىڭ بوياقچىلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

يىپەك يولى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بولۇپ، يىپەك يولى بېسىپ ئۆتكەن جايلاردا پەيدا بولغان بوياقچىلىق، ھۈنەر - سەنئەت سودىگەرلەر ۋە ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىلغان. «رەڭدار ساپال قاچىلار تۈركمەنىستاندىن شەرقتىكى تارىم ئويمانلىقىغا تارقىلىپ ئاندىن تەدرىجىي ھالدا گەنسۇ، خېنەنلەرگە تارقالغان.»① مىسىردىن ۋە غەربىي ئاسىيادىن قېزىۋېلىنغان سىرلىق ساپاللار ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «بەدەخشاندىن غەربكە چىقىرىلغانلىقى ئېنىق»② مىسىر، بابىل، ئاسۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، قىزىل، سېرىق رەڭلەردە بويىغان رەختلەرنى ۋە بەزى پۇراقلىق ماتېرىياللار، شايى، يىل چىشى ۋە ئىسپارغا ئوخشاش بۇيۇملىرىنى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق، غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى زاراڭزا چېچىكىدىن تازىلاپ ئېلىنغان قىزىل رەڭ (نوكچا ھالىتىدىكى بوياق)، قارا كۆك بوياق (نىل بوياق، ھىندىستان بويىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، لەيلىگۈل بويىقى (قارا گۈل بويىقى) بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى خىمىيە تارىخىدا خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى گۈل - چېچەكلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، گۈل ئۆستۈرۈشكە ۋە يېشىللاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەنگەن زېمىندا ياشاپ كەلگەن. شۇڭا خۇددى ھايۋاناتلار ئۆزلىرىنىڭ تۈسىنى پەسىل، مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتكىنىدەك، ئۇلار توقۇغان كاناپ رەختلىرىنى، پاختا رەختلىرىنى، ئۆزلىرى ياشى-

① ② چاڭزىخىجۇن «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 3 - سان، 101 - بەت.

غان مۇھىتقا ياكى گۈل-چېچەك ۋە يېشىللىققا ماسلاشتۇرۇپ بوياشنى، لوقۇشنى ياقتۇرغان ۋە شۇنداق ھۈنەر-سەنئەتنى ئىگىلىگەن. ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا قىزىل، كۆك، يېشىل، سېرىق، ئاق، قارا، زەڭگەر قاتارلىق رەڭ تۈرلىرىنى پىششىق بىلگەن. ئۇلار كۆك رەڭنى جەسۇرلۇق ۋە قورقماسلىقنىڭ بەلگىسى قىلغان بولسا، قىزىل رەڭنى خوشاللىقنىڭ نامايەندىسى، قارا رەڭنى مۈشكۈللۈك-نىڭ ئىپادىسى، ئاق رەڭنى قايغۇلۇقنىڭ بەلگىسى قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ بەزى گۈللەرنى سېغىنىش ئاساسىدا شۇ گۈلنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، گۈلسۇرۇق (قىزىل گۈلنىڭ نامى)، لەيلىخان (لەيلىگۈلنىڭ نامى)، تاجىگۈل (تاجىگۈلنىڭ نامى) قاتارلىق ئىسىملار بۇ خىل گۈللەرنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

گۈل-چېچەكلەرنىڭ ھەر خىل رەڭلەردە بولۇشى كىشىلەرنىڭ شۇ خىل رەڭلەرگە بولغان قىزىقىشىنى ۋە ھېسسىياتىنى قوزغىغاچقا، ئەجدادلىرىمىز ئەسلىدىكى يەتتە خىل رەڭنى بىر-بىرىگە قوشۇپ، سەپلەپ، تېخىمۇ كۆركەم، روشەن بولغان رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ بارغان. بەزى تارىخىي ياكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەكشەپ ئىشلەتكەن رەڭ تۈرلىرى 150 خىلدىن ئاشقان. يولداش قۇربان ۋەلىنىڭ «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى» دېگەن كىتابىدىكى 152 پارچە رەسىمدىكى رەڭ تۈرلىرى دەل بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۆز ئەسىرىدە بىرنەچچە يەردە كۆك رەڭ ۋە قىزىل رەڭ ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان ئاساسىي رەڭ تۈرلىرىدىن 20 نەچچىنى تىلغا ئالغان. ئۇ رەڭ ھەققىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەپ يازغان: «قىلنۇ بىلە قىزىل كەزەر، يارانۇ بىلە يېشىل كەزەر، قىلىقلىناي دېمەك قىزىل كىيەر، يارىناي دېمەك يېشىل كىيەر (خوتۇنلار ئېرىگە جىلۋىلىنىپ كۆرۈنمەكچى بولسا قىزىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ؛ ئەركىلەپ يارانماقچى بولسا، يېشىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ).»① لى دى ئەپەندى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1987-يىل 7-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىز پەن مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە «پاختا توقۇمىچىلىق بويۇملىرىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجاد قىلغان... موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر كەشىپ قىلغان» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن، خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ياغاچ قېلىپتا ماتاغا گۈل بېسىش (سەرگازچىلىق)، چەكمەن بوياقچىلىقى، ھەر خىل كۆن-خۇرۇم ئىشلەش قاتارلىق بوياقچىلىق ھۈنەرلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «سىرلاندى، ئاياغ سىرلاندى، يەنى ئاياقنىڭ ئۈستىگە نەقىشلەش ئۈچۈن سىر سۈرتۈلدى.»②

زاراڭزا چېچىكى، لەيلىگۈل، گۈلسۇرۇق قاتارلىق بوياق ئېلىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا تونۇپ، ئۇنىڭدىن بوياق ئېلىشنى بىلگەن. بۇ ھەقتە X ئەسىردە ئۆتكەن ھاجى دېگەن كىشىنىڭ «ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا «زاراڭزا چېچىكى زاراڭزا گۈلى (كارتام گۈلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ،

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3-توم، 24-بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2-توم، 359-بەت

ئۇ غەربىي يۇرتتىن چىقىپ، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەلگەچكە، ھازىرقى ۋېي خانلىقىدىمۇ تېرىلىدىغان بولدى»① دەپ خاتىرىلەنگەن.

1959 - يىلىدىن بېرى، تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىش ئارقىلىق 20 تەرچە خىل بوياق تۈرىگە ئېرىشىلدى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرىدىن «رويان قىزىلى» (ئاليزارىندىن تازىلاپ ئالغان قىزىل بوياق، ئۈسۈملۈك بويىقى)، شاتارىي، تۇخۇمەك، زاراڭزا چېچىكىدىن ئېلىنغان بوياقلاردىن باشقا، ھىندىستاننىڭ قارا كۆك بويىقى ۋە تاش بوياقلاردىن قوغۇشۇن ئوكسىد (ئاق رەڭلىك)، قىزىلتاش بوياق (قىزىل تۆمۈر رودىسى) كۆكتاش بوياق (مىسنىڭ ھەر خىل بىرىكمىلىرى — مىس سۇلفات، مىس ئاساسلىق كاربونات، مىسنىڭ ئامىياكلىق ۋە نېيتراللىق بىرىكمىلى)، كېل (مانگان (IV) - ئوكسىدى) قاتارلىق بوياقلار قېزىۋېلىندى. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بەزى رەڭلەر ۋە ئاشۇ بوياقلارنىڭ مۇۋاپىق تەڭشەش يولى بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكى، بۇ خىل بوياقلار ئىچىدە ھىندىستان بويىقىنىڭ رەڭلىنىش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، ئاسانلىقچە ئۆڭمەيدىغانلىقى ئىنىقلاندى.②

1985 - يىلى 9 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا توققۇز كىلومېتر يىراقلىقتىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقنى قازغاندا، «شامان دىنى» ھەزگىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان توقۇلمىلاردىن نەپىس ئىشلەنگەن گۈل - كەشتىلەر بېسىلغان رەڭگا رەڭ كىيىم - كېچەك، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ رەختلەر، تەڭلىمات (گۈللۈك كىگىز)، رەڭلىك يۇڭ كۆينەك، شايى، يۆگەلمە قىزىل رەڭلىك يىپ، ئىچى قىزىل، تېشى ئىمۇدىتلىق «يۆگە» قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى.③

قۇمۇلدىكى بەش قەلئە خارابىسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىركى 1200 - يىللارغا تەۋە رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن سەككىز خىل رەڭدار يىپتا توقۇلغان يۇڭ چەكمەن، قۇمۇل بارچۇقتىكى توققۇز سارايى خارابىسىدىن قىزىل، كۆك، سېرىق، ئاق رەڭلەرنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق چوڭ - سۇرەتلىك چوشۇرۇلگەن، شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەرگىسى كەشتىلەنگەن يۇڭ پالازلارمۇ قېزىۋېلىندى.④ يەنە نىيە ناھىيىسىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئائىت خارابە ئىزىدىن رەڭدار پالاز، ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇڭ چەكمەنلەرمۇ قېزىۋېلىندى. مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن 3800 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا تەئەللۇقلىقىنى، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى ئاسارە - ئەتىقىلەر ئىچىدە يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقى توقۇلما ئەۋرىشكىسى ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ چىقتى.

نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مۇھىم يادىكارلىقلاردىن كەشتىلىك ئەينەك قېپى (كەشتىنىڭ تېگى يېشىل، قىزغۇچقا تىكەر رەڭ شايىدىن جىيەك تۇتۇلغان، سېرىق، كۆك،

① ② ساۋيۇەنيۇ: «جۇڭگو خىمىيە تارىخى ھەققىدە بايان»، 147 - 146 - بەتلەر.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 - يىللىق 3 - سان، 85 - بەت.

④ چېن شيۇشىن: «شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سانى.

سۈسۈن، قارا، قوڭۇر رەڭلەردە يۇمۇلاق گۈللەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن)، پەدەز قۇتىسى ۋە ھەر خىل رەڭلىك يىپلارنىڭ تېپىلىشى بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەھمۇد قەشقىرى رەختلەرگە ھەر خىل گۈللەرنى بېسىش، بوياش ھەققىدە توختىلىپ: «چىت — ئالا چىپار، گۈللۈك چىت» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇ يەنە «ئۇل كىگىز ئاسىرىلادى — ئۇ كىگىزنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى، يەنى كىگىزگە ئالا چىپار گۈل باستى»، «سال — سىر، يىلىمدىن ياسالغان يېپىشقاق نەرسە، چىنە قاچا - قومۇچلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرگە سۈرۈلۈپ، ئۈستىگە گۈل سىزىلىدۇ» دەپ يازغان.①

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە «ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش» دېگەن بابىدا مۇنداق دېگەن:

4458. تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى يەنە تېرىچى،
ياسىرچى، بوياقچى، يائوقچى، ياچى.

4459. بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدىن، كاناپ، يىپەك ۋە پاختا رەختلەرنىڭ ھەر خىل رەڭلەردە بويىلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى، يەنى ئاشۇنداق يۇقىرى تېخنىكىلىق بوياش سەنئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن، دېيىش مۇمكىن. بەزى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز بوياقچىلىق تېخنىكىسىنى خەن دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئىگىلىگەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى بوياقچىلىق تېخنىكىسى غەربىي يۇرتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم يەرلىرىدە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى غەربىي يۇرتنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ خېلى ئومۇملىشىپ، خېلى مۇكەممەللىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

غەربىي يۇرتتا بوياقچىلىق تېخنىكىسىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ھۈنەر بولۇپ شەكىللىنىپ قالماي، بەلكى پەدەز بۇيۇملىرىمۇ كەڭرى ئىشلەپچىقىرىلغان. پەدەز بۇيۇمى بولغان سۈرمە ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنگەن دەپ قارالغاندىمۇ، لېكىن مەڭىز سۈرۈق (ئۇپا)، خىنە، ئەتىر، ئوسمىلارنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى بەزى قول يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدىكى جاڭبى دېگەن كىشىنىڭ «پەدەز بۇيۇملىرى خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا: «جۇشەندىنىڭ 5 - يىلى كۈنىمىك دۆلىتىگە غەربىي يۇرتتىن 15 قۇتا ئەتىر ئېلىپ كېلىنگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.② تا ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان قاشلىق (سۈرمە — گرافت ياكى بادام مېغىزى)، چاچ مېيى، (شاپتۇل مېغىزى، توخۇم سېرىقى بىلەن سىيادانىنىڭ ئارىلاشتۇرمىسىدىن تەييارلانغان)، سىيادان بىلەن قوي يېغىنىڭ ئارىلاشمىسى ۋە جىگدە يىلىمى بىلەن سىيادانىنىڭ ئارىلاشمىسى، زاراڭزا چېچىكىدىن ئېلىنغان ئوكچا،

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 166-، 145-، 214- بەتلەر.

② ساۋرۇەلىۋ: «جۇڭگو خىمىيە تارىخى ھەققىدە بايان»، 158 - بەت.

ھالىتىدىكى لەۋسۇرۇق ۋە كۆلسۇرۇق بەركىسىدىن ئىشلىنىدىغان مەگىز سۇرۇق ياكى بولاردىن ئىشلىنىدىغان پاراشوك ھالىتىدىكى ئوپىلار، خىنە، ئۇسما قاتارلىق پەدەز بۇيۇملىرىنىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن دەپ قاراشقا بولمايدۇ. كىشىلەر ئۇزۇن تارىخىي جەريانلار ئارقىلىق خىنىگە بەلگىلىك مىقداردا زەمچە (نېيترال تۇز، ئاساسلىق تەركىبى كالىي ئالىيۇمىن سۇلفات) قوشسا خىنىنىڭ رەڭلىنىش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇزۇنغىچە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. يەنە ئالايلۇق، ئوسمىنى ئاۋۋال سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، قاچىغا قويۇش، ئاندىن سۇ بىلەن چايقاشمۇ مۇرەككەپ بولغان ئوكسىدلىنىش جەريانى بولۇپ، ئوسمىدىكى كۆك رەڭلىك ماددا ھاۋادىكى ئوكسىگېندا ئوكسىدلىنىپ قارامتۇل كۆك رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

بوياقچىلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى بولغان رەسىمچىلىك سەنئىتىمۇ «ناھايىتى گەۋدىلىك ئۆزگىچە»① بولغان. «رەسىمچىلىك ماھارىتى جەھەتتە كۈسەن تام رەسىملىرىدە ھەممە ئۇستىكارلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىنغان»② ۋە يەنە «كۈسەن تام رەسىملىرىنى ئاساسەن كۈسەن خەلقى ئۆزى ئىجاد قىلغان».③ قىزىل مىڭئۆي تاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان رەسىملەر سىزىش، بوياش، بولۇپمۇ ئوبراز يارىتىش جەھەتتە ئىنتايىن روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. «كىشىلەرنىڭ ئوبرازى... قەدىمكى كۇچا خەلقىنىڭ چىراي شەكلىگە ئوخشىتىپ سىزىپ چىقىلغان.»④

قەدىمكى رەسساملىرىمىز قېنىق قىزىل رەڭ، يېشىل رەڭ، كۆك رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇپ رەسىم سىزغان بولۇپ، «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»دىكى رەسىملەر بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇششاق ھەيكەل، زىلچا - گىلەم ۋە دەستۇرخان رەسىملىرىدە سۇس ئەمما يارقىن كەلگەن ھەر خىل رەڭلەرنىڭ بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ بېسىپ چىقىرىلغانلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش قىيىن ئەمەس.

خوتەننىڭ بۇرۇنقى رەسىمچىلىك تەرەققىيات ئەھۋالىنى، ئەينى زاماندا خوتەنگە كېلىپ تەلىم ئالغان فاشيەن، سۈن يۈن، شۈەن جاڭ، خۇي جياۋ ۋە رىماكوسلار يازغان تارىخىي خاتىرىلەردە «قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شەھىرىدە 500 دىن ئارتۇق بۇتخانا بولۇپ،... ئىبادەتخانىلاردىكى ئويما خەتلەر ۋە نەقىشلەرگە ئالتۇن، كۈمۈشلەر ياللىتىلغان،

---

① «كابائىن خانىمنىڭ سۆزى».

② ③ «كۈسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىللىق 3 - سان، 119 - ، 120 - بەتلەر.

④ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، 7 - بەت.

تۇرۇۋاتقان ئىشىك - دېرىزىلەرگە بىر دەك ئالتۇن ھەل بېرىلگەن... ماختاشقا لايىق ئىكەن»① دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مانا بۇ بىزگە رەڭ بىلەن ھەل بېرىش ۋە نەققاشچىلىق سەنئىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى تۈگۈنى بولغان بۇ كۆڭۈلگە شىنجاڭدا نەقەدەر راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

داس سۆڭەككە يېزىلغان خەتلەر، تاراشا پۈتۈكلەرگە يېزىلغان خەتلەرنىڭمۇ ئۆزۈلدىن بىلىرى ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ كېلىشى ئۇ خىل رەڭ ياكى سىياھنى تەشكىل قىلغۇچى كاربون ئېلېمېنتىنىڭ ھاۋادا ئاسانلىقچە ئوكسىدلانمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەينى زاماندىكى بىرنەچچە خىل رەڭنى يۇلغۇن چېچىكى، گۈلسۈرۈق، لەيلىگۈل (قىزىل، قارا، سۆسۈن رەڭلەردە ئىشلىتىدۇ. قارا گۈل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) زارادزا چېچىكى، ياڭاق پوستى، ئانار پوستى، كېل، كۆك تاش رەڭ، قىزىل تاش رەڭ سىماپ سۇلفىد (قىزىل رەڭ)، بور توپىسى (ئاق)، سېغىز توپا (ئاچ سېرىق، ئاچ قىزىل رەڭلەردە) قاتارلىق تەبىئىي رەڭلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئالغان بولسا، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە (كۇچا مىڭئۆي رەسىملىرى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى بىزەكلىكلەردىكى رەڭلەرنىڭ تۈرلىرىدىن قارىغاندا)، ئۇلار رەڭلەرنى بىر بىرىگە قوشۇپ تەڭشەش تېخنىكىسىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن يەنە رەڭ تۈرلىرىنى ۋە رەڭ ئىشلەش مەنبەسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ بارغان. ئۇلار يەنە كۆرۈك چېچىكى (يۇلغۇن تىپىدىكى بىر خىل چاتقال)، تۇخۇمەك گۈلى، ئىنەك پىتى (ئابدىمىلىك)، قارىقات، ئاق ئالىقات، يانتاق ئۇرۇقى (قارا كۆك رەڭدە)، ئازغان ئۇرۇقى (قىزىل رەڭدە)، پىياز پوستى (يېشىل كۆك رەڭدە)، ئاق تېرەك پورى (پوررەڭدە)، قارىغاي يىلىمى، ھەشقىپىچەك، نۇشۇدۇر (سىنىك خلورىد)، مىتوسىن (قوغۇشۇن ئوكسىد - ئاق رەڭلىك) مىسنىڭ ھەر خىل رودىلىرى (كۆك، زەڭگەر، يېشىل رەڭلەردە بولىدۇ) زىرىق ئۇرۇقى (قىزىل رەڭلىك) قارا ئۆژمە، شاتۇت، قورۇم قاتارلىق تەبىئىي ماددىلاردىن ئىشلىنىغان رەڭلەرنى تەڭشەپ ھەر خىل رەڭلەرنى تەييارلاپ ئىشلىتىشنى بىلگەن. قەدىمكى خوتەن گىلەمچىلىكى بىلەن خوتەن يۇڭ توقۇمىچىلىقى بۇ پىكىرىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئالايلۇق، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز قارىغاي يىلىمى بىلەن ئانار شۆپىكىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قىزغۇچ سېرىق رەڭ ھاسىل قىلغان بولسا، كۆكتاشنى ئېرىتىپ، ئۇنى ياڭاق پوستى بىلەن بىرگە قاينىتىپ، سۇس ھەم يارقىن بولغان كۆك رەڭنى ھاسىل قىلغان. بۇ خىل كۆك رەڭنى ئاق تېرە (ئاق كۆرپە)گە چېچىپ، تېرىنىڭ رەڭگىنى يېشىل رەڭگە ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قارا سىيا (قارا رەڭ) پۈركۈپ تېرىنى بويىغان ۋە كۆك رەڭلىك تېرە ئىشلەپ چىققان. كۆكتاشنى ناۋات بىلەن بىرگە تېرىگە پۈركۈپ پات بېرىش مەشغۇلاتلىرىنى ئىشلەپ بارغان. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇن چېچىكى بىلەن

---

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «خوتەن ئەتلەس رەختى، تەرجىمان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىناكتلاندا»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىللىق 1 - سان، 111 - بەت.

(داۋامى 40 - بەتتە)

# گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى توغرىسىدا

ئابدۇراخمان مۇھەممەت

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە روسىيە يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پائالىيەتلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ماكسىم گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى. 1892-يىلىدىن 1899-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق، مۇرەككەپ ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇپ، ھازىرغىچە گوركى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تېما بولۇپ كەلمەكتە. ئىلىمىزدە بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئاساسەن ئىجتىمائىي سىياسىي نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئىجتىمائىي-مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بىر قەدەر ئاز بولدى. بىر يازغۇچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىجادىيىتى مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گوركى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىسى. ئۇ گەرچە سىستېمىلىق مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئەدەبىياتى (بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى) ئۇنى يېتىشتۈردى. گوركىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن زىچ باغلانغان.

گوركى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا مومىسى ۋە مومىسىنىڭ ئۆيىدىكى بالا تەربىيىلىگۈچىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەربىيە ئالغان، كېيىنچە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئارىلاشقاچقا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر قوبۇل قىلغان. گوركى «مىنىڭ ئىپر كېچە»نىڭ روسچە نەشرىگە يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە، ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، مەن مومامنىڭ ۋە سەھرادىكى چۆچەكچىلەرنىڭ ئاغزىدىن خەلق چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، بۇ خەلق چۆچەكلىرى زېھنىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى» دەپ يازغان. گوركى بالىلىق دەۋرىدىلا، چۆچەكلەرنى قاملاشتۇرۇپ ئېيتالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى رومانى — «بالىلىق دەۋر»دە، ئۆزىنىڭ بەگ، خوجام قوشنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى ئەسلەپ: «ئۇلار دائىم مېنى چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى، مەن مومام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەرنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرەتتىم» دەپ يازغان. گوركى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مومامنىڭ ناخشىلىرى ۋە قوشاقلىرىدىكى ھەممە بالا تەربىيىلىگۈچىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى مۆجىزىلەر ھەتتا مۆجىزە يارىتىش ئىستىكىنى قوزغىغانىدى». بۇنىڭدىن شۇنى

كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مومىسى ۋە بالا تەربىيىلىگۈچىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن تەربىيىلىشى گوركىنىڭ زېھنىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. گوركىدا ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن يېتىشىپ چىققان چۆچەك ئېيتىش قابىلىيىتى، شۇنىڭدەك ئۇلاردىن توپلىغان مول مەزمۇنلۇق چۆچەكلەر ۋە «تارىخ» ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر قىزىقىشىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. گوركى «قانداق يېزىشىمىز كېرەك» دېگەن ماقالىلەر توپلىمىدا ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى، «ئالدى بىلەن ماقال - تەمسىللەرنى توقۇپ چىققان» لىقىنى ئېيتقان. ئۇ «خەلق چۆچەكلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە مومىسى بىلەن بالا تەربىيىلىگۈچىنىڭ ناخشىلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق يازغان: «15 ياشلارغا كىرگەن چېغىمدا ئۆزەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەشۇ ناخشىلارنى كۆچۈرۈۋېلىشقا باشلىدىم.» ئۇ «كىشىلەر ئىچىدە» مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ خەلق ئارىسىدىكى خىلمۇ خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشاتتى. ئۇ 20 يېشىدا روسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، بارغانلىكى يېرىدە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر ۋە مول خام ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەشۇ چاغلاردا، گوركىنىڭ رەسمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنىدى.

ئۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىلغار يازغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق، ئەدەبىيات ساھەسىگە تۇنجى قەدەم تاشلاش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. گوركى 1892 - يىلى باھاردىن كۈزگىچە روسىيىدىكى سەرگەردانلىق ھاياتىدا تىبلىسقا بېرىپ تۆمۈر يول ئىشچىسى بولغان، ئۇ ھەمىشە شۇ يەردىكى ياشلارنىڭ مەخپىي يىغىلىشلىرىغا قاتنىشاتتى. يىغىلىشتا، گوركىنىڭ چۆچەك ئېيتىش ئىقتىدارى گرۇزىيە يازغۇچىسى نىنوشۇلى تەرىپىدىن تېزتۇۋېلىندى. گوركى بىر قېتىم نىنوشۇلىنىڭ ھېكايىسىنى دېكلاماتسىيە قىلغاندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭغا: «يولداش سىز تولىمۇ بەختلىك ئىكەنسىز! چۈنكى سىز كىشىلەرنىڭ سىزنى نەقەدەر ياقتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز» دەيدۇ. نىنوشۇلى جاۋابەن: سىزمۇ شۇنچە ياخشى بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنى يېزىۋالسىڭىز كۆپچىلىكنىڭ سىزنى نەقەدەر ياقتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈسىز» دەيدۇ. نىنوشۇلىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، گوركى سىگان بوۋاي ماكار چۇدرادىن ئاڭلىغان چۆچىكىگە ئاساسەن بىر ھېكايە يېزىپ چىقىدۇ. «ماكار چۇدرا» ناملىق بۇ ھېكايە كېيىن گوركىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالىدۇ.

«ماكار چۇدرا» دىن باشقا، گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلىرىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن ۋە ئىجاد قىلىنغان. مەسىلەن، 1894 - يىلى يېزىلغان «ئىزېرگىل موماي» ناملىق ھېكايىسىدە، گوركى ئۆزىنىڭ مولداۋىيىلىك موماي ئىزېرگىلدىن چۆچەك ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقان. گوركىنىڭ «كوخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايىسى 1896 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭغا بىر تاتار ئەما تىلەمچى ئېيتىپ بەرگەن. گوركى سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ يۈرگەن مەزگىللەردە توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئىجادىي يوسۇندا

ئۆزگەرتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققان. بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن ئۇنىڭ دەسلەپكى رومانتىك لىرىكىلىق ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوركىنىڭ دەسلەپكى رېئالىزملىق ئەسەرلىرىگىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن قوبۇل قىلىنغان تەركىبلەر سىڭگەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتە، يەنى بىرىنچىدىن، ئېستېتىك ئىدىيە جەھەتتە، ئىككىنچىدىن، ئېستېتىك ۋاستە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. گوركى مانا مۇشۇ ئاساستا روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى ئۇسلۇبىنى ياراتتى.

گوركىنىڭ دەسلەپكى ئېستېتىك ئىدىيىسى ھەممىشە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇردى. گوركىنىڭ نەزەرىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىشىلەرنى يۇقىرى ئۆرلەشكە رىغبەتلەندۈرۈدىغان كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك. كېيىن، ئۇ 1898 ـ يىلى يازغان «كىتابخان» ناملىق رومانىدا بۇ خىل ئېستېتىك قاراشنى ئېنىق تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىگە، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى قوزغاشتىن، كىشىلەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياخشى نەرسىلەرنى تېپىشقا ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت.» كىشىلەر تەرىپىدىن ياش گوركىنىڭ ئۆزگىچە ئېستېتىك خىتابنامىسى دەپ ئاتالغان «بىر شائىر توغرىسىدا» ناملىق ھېكايىسىدە گوركى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى تەكىتلەپ، ئوبرازلىق ھالدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «قوڭغۇراقتەك ياڭراق، ھەممىنى چۆچۈتكىدەك، لەرزىگە سالغۇدەك، كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان شېئىرلارغا مۇھتاجمىز». شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوركى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى تونۇشىغا ياردەم بېرىدىغان، كىشىلەرنى توغرا تۇرمۇش مۇددىئاسىنى تىكلەشكە يېتەكلەيدىغان رولغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گوركىنىڭ دەسلەپكى ئېستېتىك ئىدىيىسى دېموكراتىزم دائىرىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ تەلپۈنگەن گۈزەل كەلگۈسى تېخى كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى روسىيە ئەدەبىيات ساھەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، گوركىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ جەڭگىۋار بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىغا، روسىيە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئېستېتىك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گوركى ئۆزىنىڭ رومانتىزملىق ۋە رېئالىزملىق ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۈمىدسىزلىككە، چۈشكۈنلۈككە مەھكۇم بولغان روسىيە ئەدەبىيات ساھەسىگە ساپ ھاۋا بەخش ئېتىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

گوركىنىڭ دەسلەپكى ئېستېتىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كەلگەنلىكى، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، دېموكراتىزمچى يازغۇچىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى، روسىيە ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن تاشقىرى، بۇنىڭدا يەنە بىر ئېنىق بىۋاسىتە شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت. بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھىتىدا ياشىغان گوركىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن ئېستېتىك غايىنىڭ تەسىرىدىن خالى بولالمايدۇ.

روسىيە خەلقى ئۆزىنىڭ كوللېكتىپ بەدىئىي تالانتىدىن پايدىلىنىپ مول ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، بۇ خىل بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى، ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ جاھالەت ۋە رەزىللىك ئۈستىدىن جەزمەن غالىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، باراۋەرلىك، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى مەدھىيىلەپ، ئىشچانلىقنى، ئەقىل - پاراسەتنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈدىغان، مۇھەببەتكە سادىق بولىدىغان گۈزەل پەزىلەتنى كۈيلىدى. گوركى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئۈمىدۋارلىققا تولغان رومانتىك روھنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى ئېستېتىك ئىدىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دەپ قارىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، گوركى شەخسەن ئۆزى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل تەبىئىي، ئۈمىدۋارلىققا تولغان رومانتىك روھنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. «خەلق چۆچەكلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۆزىگە ئاكتىپ ئىدىيىۋى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گوركىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش، يول باشلاش رولىنى تەكىتلەيدىغان، ئاكتىپ، ئۈمىدۋار، رومانتىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئېستېتىك ئىدىيىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۈمىدۋارلىققا تولغان رومانتىك، ئېستېتىك غايە بىلەن تومۇرداش ئىدى. گوركى «مەن قانداق يازىمەن» دېگەن ماقالىسىدە، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنىڭ ئەينى چاغدىكى رېئال تۇرمۇش بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى، «نامرات تۇرمۇش» نىڭ ئۆزىنى ئىجادىيەت يولىغا باشلىغانلىقىنى ئېيتقان. XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن «ئادەمنىڭ مۇھىتقا قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ» غانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان، «نامرات تۇرمۇش» نى ئۆزگەرتىدىغان ھەرىكەت ھېسابلىناتتى. ئۇزاق مەزگىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېستېتىك غايىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ئېستېتىك ئىدىيە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ توپلىغان نۇرغۇنلىغان خەلق چۆچەكلىرى ۋە رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى مول خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەسلەپتە خەلق رىۋايەتلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرىنى ئاساس قىلغان رومانتىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، غايە نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان رومانتىك قەھرىمان ئوبرازلىرىنى ياراتتى. «ماكار چۇدرا» بىلەن «ئىزېرگىل موماي» گوركىنىڭ دەسلەپكى ئەڭ مۇنەۋۋەر رومانتىك ئەسەرلىرىدۇر.

گوركى خېلى بۇرۇنلا ئەدەبىياتنى ئىسلاھ قىلىشتا ئالدى بىلەن كونا رومانتىزمنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك دەپ قارىغانىدى. 1900 - يىلى ئۇ چېخوۋقا يازغان خېتىدە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ، يېڭى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى دەۋر روھىنى ئىپادىلىشى، «تۇرمۇشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەمەس، تۇرمۇشتىن تېخىمۇ يۈكسەك تۇرىدىغان، تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ گۈزەل نەرسىلەر» نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گوركى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئادەتتە پەقەت كونا دۇنيانى

پاش قىلىش ۋە تەنقىدلەش بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلاردىن تۈپ پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇ خەلقنى نامۇۋاپىق كونا تۈزۈمنى ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغانىدى. شۇڭا گوركىنىڭ قارىشىچە، يېڭى رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا رومانتىزم كەم بولسا بولمايتتى. بۇنداق ئىدىيە ئۇنىڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رومانتىك، ئېستېتىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى تەكىتلەيدىغان ئاكتىپ، ئۈمىدۋار، رومانتىك روھقا تولغان ئېستېتىك ئىدىيە بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن بىردەك ئىدى.

گوركىنىڭ دەسلەپكى رېئالىزملىق ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇرژۇئازىيىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەرمۇ، ئەمگەكچى خەلقنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى. بۇرژۇئازىيىنى تەسۋىر ـ لىگەن ئەسەرلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدىغىنى 1896 ـ يىلى يېزىلغان «پەرىشانلىق» ۋە «قوڭغۇراق» دېگەن ئەسەرلەر بار. «پەرىشانلىق» تىكى باش قەھرىمان گوركىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىشلىرىدا بولغان ئىشەنچىدە تەۋرىنىپ قالغان پېرسوناژ ئىدى. «قوڭغۇراق» تىكى باش قەھرىمان ئۆزى تۆمۈر بىلەن قۇيغان چوڭ قوڭغۇراقنى چېلىش ئارقىلىق، پۈتۈن شەھەرگە ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە ئابرويىنى كۆز - كۆز قىلىدۇ. بىراق قوڭغۇراق يېرىلىپ كېتىپ، ئۇ ئار نومۇسقا قالىدۇ. قوڭغۇراقنىڭ يېرىلىپ كېتىشى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان. بۇ ئىككى ئەسەردە گوركى بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقى، ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا زۇلمەت ئاستىدا تۇرغان ۋە ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى روسىيە خەلقىگە نىسبەتەن غايەت زور رىغبەتلەندۈرۈش، يول باشلاش رولىنى ئوينىغان. بۇ بۇرژۇئازىيىنى پاش قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە گوركى قوشقان يېڭى ئالاھىدىلىك. شۇنداقلا ئۇنىڭ تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان يېرى. ئەمگەكچى خەلقنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر گوركىنىڭ دەسلەپكى رېئالىزملىق ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى سەرگەردانلار ئىدى. گوركى قول قىلىنغان، ھاقارەتلەنگەن بۇ پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن چېغىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئازابلىق ئەھۋاللارنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قوزغىماستىن، بەلكى پېرسوناژلار ئارىسىدىن ئىجابىي ئوبرازلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل پەزىلەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش، ھەقىقەتنى ئىزدەش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇدۇملۇق يوللىرىنى تېپىش ئۈستىدە ئويلاندۇرغان. گوركىنىڭ دەسلەپكى ئەڭ مۇنەۋۋەر رېئالىزملىق ئەسىرى «چېلكاش» 1895 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خاراكتېرى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى سەرگەرداننى تەسۋىرلىگەن. چېلكاش ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدۇ ـ دە، پۇلنى نەزەرىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. گاۋرىلا شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس بولۇپ، پۇل ئالدىدا تىز پۈكىدۇ. گاۋرىلا ئۇششاق مۈلۈكدارنىڭ ئاچكۆز قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئاپتور بۇ سەرگەردانلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى قەدىرلەپ، چاكىنا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش غايىسىدىن يىرگىنىدىغان

گۈزەل پەزىلىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، كىشىلەرنى ئىززەت - ئابرۇيىنى قەدىرلەشكە ئۈندەشنى مەقسەت قىلغان.

گوركى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بايان شەكلىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئادەتتە ھېكايە ئېيتىش شەكلىدە سۆزىتنى قانات يايدۇرۇپ، پېرسوناژ ئوبرازىنى ۋە تەبىئەت مەنزىرىسىنى سۈرەتلىگەن. ئەسەردىكى ھېكايە ئېيتقۇچى ھەممىشە يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گوركى رېئاللىقتىن ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئىجابىي شەخسلەرنى تېخى تاپالمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى كۆپىنچە ئەشۇ ھېكايە ئېيتقۇچى تەرىپىدىن بايان قىلىناتتى. گوركى دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە يەنە دائىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر قاتار قارىمۇ قارشى ئوبرازلارنى ياراتقان. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن ۋە كەۋدىلىك بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، «ئىزېرگىل موماي» دىكى سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، ياۋۇزلۇقى بىلەن دانكونىڭ قەھرىمانلىقى، «چىلكاش» تىكى گاۋرىلانىڭ چاكىنا، شەخسىيەتچىلىكى، ئاچكۆز - يىرگىنچلىك قىياپىتى بىلەن چىلكاشنىڭ ئېسىل پەزىلىتى كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغان. بۇ بىر قاتار سېلىشتۇرما تەسۋىرلەردە گوركىنىڭ رېئاللىققا بولغان ئېستېتىك ھۆكۈمى، ئېستېتىك ئىدىيىسى ۋە ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈسى كۈچلۈك ئىدى. گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىككى توم ئوچېرىكى ۋە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1899 - يىلى چېخوۋ ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە: «سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىز مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەن» دېگەنىدى. گوركىمۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا: «مەن ناخشىغا ئوخشايدىغان سۆز - جۈملىلەردىن پايدىلىنىپ، ھېكايە يازىمەن» دېگەنىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «بۇ خىل ناخشىغا ئوخشايدىغان سۆز - جۈملىلەر» گوركىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك ئىدى.

گوركى «مىڭ بىر كېچە» نىڭ رۇسچە 1 - تومىغا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە، «ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ يازما ئىجادىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە زور» دەپ كۆرسەتكەن.

گوركى روسىيە خەلقىنى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى، تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئېستېتىك غايىسىنى، ئۇلارنىڭ روھىنى ۋە دۇنيا قارىشىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ماھارىتىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى قىلغان. دەل مۇشۇنداق قىلغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە دەسلەپكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئۇسلۇبىنى ياراتالىدى.

# ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەرمىلەر

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

## 1. ئەلچى ۋاڭ يەندې نېمىلەرنى كۆرگەن؟

سۇڭ دۆلىتىنىڭ مىلادى 981 — 984 - يىللىرى تۇرپان ۋە بەشبالىققا كەلگەن ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئىنتايىن قىممەتلىك ساياھەتنامىسىنى قالدۇرغان. بۇ ساياھەتنامە ناھايىتى خالىسلىق بىلەن يېزىلغان. ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ: شەھەردە (بەشبالىقتا) نۇرغۇن ئۆيلەر، قەلئەلەر، باغچىلار بار ئىكەن، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئەقىل - پاراسەتلىك، خۇلق - مىجەزى ياخشى، ئەدەبلىك خەلق ئىكەن. ئۇلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن ھەر خىل نەپىس بۇيۇملارنى ئىشلەشتە، كۇلالچىلىقتا ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئىكەن. بۇ ماھارەتنى ئاللاھ شۇلارغا ئاتا قىلغاندەك... دەپ يازىدۇ. تۆۋەندە ۋاڭ يەندېنىڭ نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى.

ئەلچى تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھاۋا شارائىتىغا قانداق ماسلاشقانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا: بۇ يۇرتتا نە يامغۇر، نە قار ياغمايدىكەن، ئىسسىق ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ياز كۈنلىرى يەر ئاستىغا كولىۋالغان كېپەمىلەردە ياشايدىكەن، دەپ يازىدۇ. ئەلچى مۇبالىغىلەشتۇرۇپ: قۇشلار سۇ ئىچىش ئۈچۈن توپ ھالدا سۇ بويىغا كېلىدىكەن، ئەگەر قۇشلاردىن بىرەرسى توپتىن ئايرىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلسە، قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىدە يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، قاناتلىرى سۇنۇپ كېتىدىكەن، دەپ يازىدۇ. تۇرپاندا ئىسسىقنىڭ قاتتىق بولۇشى ئەمەلىيەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ھاك بىلەن ئاقارتىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئەلچى ئۆزىنىڭ تۇرپاندا بولغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى قاتتىق يامغۇر يېغىپ سەل كېلىپ، نۇرغۇن ئۆي ۋە زىرائەتلەرنى ئېقىتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ يازغان.

ئەلچى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ كارىز سۈيى بىلەن زىرائەت ۋە باغلار سۇغۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرگەن. شۇنداقلا بۇ سۇ بىلەن تۈگمەنلەر ماڭدۇرۇلىدىغانلىقىنى يازغان. قوغۇن، تاۋۇزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بۇ

يۇرتتىن بارغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدا ياشىغان ۋاقىتلاردىلا تاۋۇز تېرىشنى بىلەتتى، بۇ ھەقتە خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆپ مەلۇماتلار بار. تۇرپان ئۈزۈمچىلىك بىلەن داڭ چىقارغان. ئەلچى ئۈزۈم كۆچەتلىرىنىڭ بۇ يۇرتتىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغانلىقىنى يازغان. بۇ يۇرتتا نوقۇت، دادۇر - پۇرچاق قاتارلىق بەش خىل زىرائەت تېرىلىدىغانلىقىنى، پەقەت «چىياۋمەي» (قارا بۇغداي) تېرىلمايدىغانلىقىنى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋا يىپەك قۇرتىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئەلچى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇ بۇ يۇرتتا ئاتنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى، قاغاننىڭ، خاتۇننىڭ، شاھزادىلەرنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاتلىرى بارلىقىنى، ئاتلار يۈزمىڭ يىراقلىقتىكى ۋادىدا يايلايدىغانلىقىنى يازغان. ھەربىر ئات تۈپى بىر - بىرىدىن ئوخشىمىغان رەڭ، ئوخشىمىغان جىنسلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئايرىم رەڭ، ئايرىم جىنستە ئات يېتىشتۈرۈش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. بۇ زور بىلىم ۋە تەجرىبە تەلەپ قىلاتتى. ئەلچى يەنە ھەر ئادەم ئۆز مېلىغا ئوخشىمىغان شەكىلدىكى تامغىلارنى باسىدىغانلىقىنى، ئاتلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە ئۆز تامغىلىرىغا قاراپ تېپىۋالىدىغانلىقىنى يازغان. ئەلچى ئاتلارنىڭ سانى توغرىسىدا «سانىنى ئاللاھ بىلەر» دەپ يازىدۇ.

بەشبالىق يايلاقلىرىدا ئوۋلاشقا بولىدىغان ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەردە تاز قارا، بۈركۈت، قارچىغا قاتارلىق قۇشلارمۇ كۆپ ئىدى. قولغا ئۆگىتىلگەن بۈركۈتلەر بىلەن كېيىك، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ئوۋلىناتتى. بۇنى كۆرگەن ئەلچى ناھايىتى ھەيران قالغانىدى. ئەلچى بۇ ئوۋ قۇشلىرىنىڭ نېمە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: ئوتلاقلاردا تۇشقاندەك چوڭ چاشقانلار بار ئىكەن، قۇشلار بۇلارنى تۇتۇپ يەيدىكەن، دەپ يازغان. ھون دەۋرىدە ھون باللىرىنىڭ بۇ چاشقانلارغا ئوق ئېتىپ، قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇرلار ھاياتىنى قىشتا تۇرپاندا، يازدا بەشبالىق يايلاقلىرىدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇيغۇرلار قىش كېلىشى بىلەن تۇرپانغا قايتىپ كېلەتتى. ئەتىياز كېلىشى بىلەن بەشبالىق شەھىرىگە كۆچۈپ كېلەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، قاغاننىڭ كۆپ ۋاقتى بەشبالىق شەھىرى بىلەن بەشبالىق يايلاقلىرىدا ئۆتەتتى. تۇرپان تىجارەت يوللىرىنىڭ تۈگۈنى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم شەھىرى ئىدى. ئۆز تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ئۇيغۇرلار شىمالدىكى تاغلاردا ۋە بەشبالىقتا ياشايتتى ۋە چارۋىلىرىنى شۇ يەرلەردە باقاتتى. ئىران مەنبەلىرىدە بەشبالىقنىڭ يازنى ئۆتكۈزىدىغان يەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولسا، مەھمۇت قەشقىرى بەشبالىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۆزلىرىنى سەنئەت ۋە باشقا ئىلىمگە بېغىشلىغان ئۇيغۇرلار تۇرپاندا ياشايتتى، بۇ تىجارەت شەھىرىدە ھۆرمەت قازىنىشقا تىرىشاتتى، ئەلچى ۋە سايەھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئۇيغۇرلار بەشبالىقتىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىدى. دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارمۇ

شۇلار ئىدى. X ئەسىردىن كېيىن بەشبالىق ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشقا باشلىغان. تۇرپان شەھىرىدە نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ۋە چەت ئەللىك تىجارەتچىلەر بار ئىدى. دېمەك، تۇرپان ھەرقايسى خەلقلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئىدى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ پايدىسى زور ئىدى، ئۇيغۇرلار كارۋانلارنى باشقۇرۇش، باج ئېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بېيىتاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل مىللەت ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرلار ئۆز قاراشلىرىنى ئۆستۈرەتتى. كۆپ تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى ھەققىدىكى بىلىمى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىدى. خەنزۇلار يالغۇز خەنزۇچىنىلا بىلەتتى، ئۇيغۇرلار بولسا بۇددا نوملىرىنى، ھىندىچە ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايتتى.

ئەلچى ۋاڭ يەندي ئۇيغۇرلار يۇرتىدا كەمبەغەللەر يوقلۇقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: ئۇيغۇر يۇرتىدا كەمبەغەل ئادەملەر يوق ئىكەن. يەيدىغان - ئىچىدىغىنى يوق ئادەملەرگە دۆلەت ۋە خەلق ياردەم قىلىدىكەن، نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ياردەم بىلەن ياشايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدىكەن، كىچىك تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنى زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، دەپ يازغان.

ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان قاغان ئىسسىق باشلىنىش بىلەن تۇرپاندىن بەشبالىققا كەلگەنىدى. دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى قېيىن ئاتىسى ئاتا ئۇكەگە تاپشۇرغانىدى. ۋەزىر ئاتا ئۇكە ئۆز سالىمىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەلچى ۋاڭ يەندىغا بىر ئەمەلدار ئەۋەتىدۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتا ئۇكە ئەلچىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارىدۇ ۋە ئەلچىگە ئۆز ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان قاغان ئەلچىنى شىمالىي پايتەخت بەشبالىققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەلچى ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، قار - يامغۇرغا يولۇقۇپ، ئاخىرى بەشبالىققا يېتىپ كېلىدۇ. ئەلچى ۋاڭ يەندي بەشبالىققا كەلگەن ھامان قاغان بىر كەچلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرىدۇ. زىياپەتكە پۇقرالاردىنمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئەلچى تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكىگە، لەززەتلىكىگە، ئويۇن - تاماشالارغا ھەيران قالغانىدى. ئەلچى زىياپەت جەريانىدا سازلار چېلىنىپ تۇرغانلىقىنى، بىر سەھنە ئەسىرى ئوينالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئەلچى زىياپەت ئاخىرىدا بەشبالىق شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر كۆلدە قېيىق بىلەن ساياھەت قىلىنغانلىقىنى، ساياھەت جەريانىدا ھەرياندىن مۇزىكا ساداسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى ئالاھىدە يازىدۇ. بۈگۈنكى بەشبالىق خارابىلىرى يېنىدا بىرەر كۆلنىڭ ئىز ناسى يوق. بۇ كۆل سۇنئىي كۆل ئىدى: توسما ياساپ ياسالغان سۇنئىي كۆلنىڭ بولۇشى ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. ئەلچى سازلاردىن سۆز ئاچقاندا، بۇ يەردە «بارىبت» دەپ ئاتىلىدىغان سازنىڭ چېلىنغانلىقىنى، يىگىرمە بەش تارلىق «كۆڭخۇ» دەپ ئاتىلىدىغان سازمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىكىنى يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار چەتئەل ئەلچىلىرىنى زور مۇراسىم بىلەن قوبۇل قىلاتتى. ۋالڭ يەندې بەشبالىققا كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇيغۇر قاغانى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلار بىر ئەلچىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك بىر كۈننى تاللايتتى. ئۇيغۇر قاغانى ئەلچى ۋالڭ يەندېنى ئۆز ئوغۇللىرى ۋە مۇھاپىزلىرىنى ئىككى يېنىغا ئالغان ھالدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قوبۇل قىلغان. ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر كۈن چىقىشقا قاراپ تەزىم قىلدى. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارىنىڭ بىر ئەلچىنى قوبۇل قىلىشى دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە «يەتتە» سانى مۇقەددەس سان ھېسابلىناتتى. قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر يېڭى چىقىۋاتقان كۈنگە «ئۈچ» ياكى «توقۇز» قېتىم تەزىم قىلاتتى. شۇ كۈننىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدا كۈن چىقىشقا قاراپ تەزىم قىلىش كۈنگە تەزىم قىلغانغا باراۋەر ئىدى. كۈن چىقىشقا قاراپ تەزىم قىلىش ئەسناسىدا سازلار چېلىنىپ تۇردى، ساز چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن خان ئەۋەتكەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىش باشلاندى. ئەلچىنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قارشى ئالغان قاغان ئەلچىگە يېقىنلىشىپ سوۋغىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىمۋول سۈپىتىدە جۇڭگو خانىغا ئاتاپ تەزىم قىلدى. لېكىن قاغان ئاتتىن چۈشمىگەن ئىدى. ئەلچى قاغانىنىڭ ئوغۇللىرىغا، قىزلىرىغا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا سوۋغا بېرىشكە باشلىدى. سوۋغا ئېلىشقا نۆۋەت كەلگەن ھەربىر ئادەم ئاتتىن چۈشۈپ ۋە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ سوۋغىنى ئالدى. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئەلچىنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قوبۇل قىلىشى ئالاھىدە ئەھۋال ئىدى.

ئەلچى ۋالڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىلدا ئىككى قېتىم يەرگە قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىنى، قىش مەۋسۈمىنى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى، يامان روھلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن ياسالغان قاچىلاردىكى سۇلارنى بىر - بىرىگە چاچىدىغانلىقىنى ئالاھىدە يازغان. بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. بۇ شامانىزمنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. ۋالڭ يەندې بۇددا دىنىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك دىنىي ئادەتلەرنى تىلغا ئالغانىدى.

ئۇيغۇر ئېلىزادىلىرى شەھەردە ياشىسىمۇ، يەنىلا ئات گۆشى يەيدىغانلىقىنى، كەمبەغەللەر بولسا قوي گۆشى، ئۆردەك گۆشى يەيدىغانلىقىنى يازىدۇ ۋالڭ يەندې. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەنلىك تۇرمۇش ئادىتىنى تاشلىمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى گۆش يېيىشنى مەنئى قىلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئات گۆشى يېيىشنى تاشلىمىغانلىقى ئالاھىدە ئەھۋال ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئات مىنىش ۋە ئوقيا ئېتىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ئەلچى. تۇرپاندەك چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش بىلەن خوشى يوق ئىدى. مانى ۋە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يوقالغانىدى. لېكىن ئۇيغۇرلار ئات

مىنىش، ئوقيا ئېتىشتەك كونا ئادەتلىرىنى بىر تەنھەرىكەت سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. چۈنكى ئوقيا ئېتىش تۈركىي خەلقلەردە مۇقەددەس ۋە ھەر كۈنى قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن ئىدى.

ۋاڭ يەندې ئۇيغۇرلارنىڭ باھار كېلىشى بىلەن ئاتلارغا مىنىپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى، يولدا كېتىۋاتقاندا، يامان روھلارنى جازالاش ئۈچۈن، ئۇچرىغان نەرسىگە ئوق ئاتىدىغانلىقىنى، نەيزىلەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە يازغان. تۇرپان شەھىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. بۇلار بىلەن بىرلىكتە مانى ۋە زەردۇشت (ئوتقا چوقۇنۇش) دىنلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەلچى ئىبادەتخانىلاردا كۈتۈپخانا بارلىقىنى، بۇ كۈتۈپخانىلارنىڭ قىممەتلىك كىتابلار بىلەن تولغانلىقىنى يازىدۇ. تۇرپاندا ئىرانلىق دىنىي ئەربابلارمۇ ئۇچرايتتى. بۇلار ئۆز دىنلىرىنى تارقىتىشقا تىرىشاتتى. بۇ ئەربابلار بۇددا دىنىنى خاتا دەپ تەشۋىق قىلاتتى.

ئەلچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ئۇ: «ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ سۆسەر تېرىسى، ئاق كىگىز قالپىقى ۋە گۈللۈك رەختلىرى ناھايىتى داڭلىق ئىكەن» دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاندا توقۇلغان گۈللۈك رەختلىرى ھەر تەرەپكە داڭ چىقارغانىدى. ئەلچى بۇ گۈللۈك رەختلەرگە ناھايىتى ھەيران قالغان. جۇڭگودا گەرچە ئەڭ ئېسىل رەختلەر توقۇلسىمۇ، ئەلچى ئۆزلىرىدە بولمىغان ئۇيغۇر رەختلىرىدىن سۆز ئاچماي ئۆتۈپ كېتەلمىگەن. ئەلچى بەشبالىق رەختلىرىدىن سۆز ئاچمىغان. ھالبۇكى، بەشبالىقتا توقۇلغان رەختلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىران ۋە ئەرەب رەختلىرى بىلەن رىقابەتتە ئىدى.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇللارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇل ئاياللىرى كىيىدىغان «بوغتاغ» دەپ ئاتىلىدىغان زىننەتلىك بۆك ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۆكى ئىدى. ئەلچى ۋاڭ يەندې بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختالغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىشىگە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ سارايلىرىدا خاقان بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى سەۋەب بولغان، شاھزادىلەرنى تەربىيىلىگۈچىلەر بىلەن ئىنىكئانىلار شۇ مۇئەللىملەرنىڭ ئاياللىرى ئىدى. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىننەتلىك بۆكى ۋە سىرلانغان قالپاقلىرى موڭغۇل ئاياللىرىغا مودا بولۇپ كىرگەن.

ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ساز ۋە نەغمە - ناۋادىن زادى ئايرىلمايتتى. ئەلچى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق يەرلەرگە بېرىپ سەيلە - تاماشا قىلىدىغانلىقىنى، ساز - مۇزىكىلىرىنى يانلىرىدىن ئايرىمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر بەزى مەلۇماتلار

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىختا ئىگە قەدىمىي مىللەت بولۇش بىلەن بىللە، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مەدەنىي ھاياتقا كۆچكەن، نورغۇنلىغان ئېسىل ئەنئەنە، ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلارغا ئىگە خەلق. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى بولىدۇ. بۇلار بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىك بەلگىدۇر، شۇنداقلا شۇ مىللەتنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى پۈتۈنلەي ساغلام دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ. بۇلارغا ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان بىر مۇنچە دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى چوڭقۇر سىڭگەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى تەكشۈرىدىكەنمىز ئۇلارنىڭ مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر خەلقى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ دىن خەلق ئىچىدە يىلتىز تارتقان، ئومۇملاشقان بولسىمۇ. لېكىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى توتېم، شامان، زەردۇشت، بۇددا، مانى قاتارلىق دىنلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلدى.

توتېم بىر خىل ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بولۇپ، بۇنىڭدا مەلۇم بىر ھايۋانغا چوقۇنىدۇ ياكى ئۇنى ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە بۆرىنى ئۇلۇغلاش ئادىتى بولغان. ئېيتايلى، ھەمراھ بولىدۇ دەپ ئۆز يېنىدا بۆرە ئوشۇقىنى ساقلاش، بىر ئادەمنىڭ ئۇزاققا قىلغان سەپىرىدە ئالدىغا بۆرە ئۇچرىسا «سەپىرىم ئوڭۇشلۇق بولىدىغان بولدى» دەپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئەگەر تۈلكە ئۇچرىسا «سەپىرىمدە بىرەر چىشكەللىككە ئۇچرايمەن» دەپ يولىنى داۋاملاشتۇرماي ئارقىغا قايتىشى ئەنە شۇ توتېم ئەقىدىسىگە كىرىدۇ. ھەتتا بىر ئايال كۆز يورۇغان بولسا، تۇغۇت ئانىسىدىن بۆرە تۇغدىمۇ، تۈلكە، دەپ سوراشمۇ توتېم ئەقىدىسى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

شامان دىنى — ئىپتىدائىي كوممۇنا يىمىرىلىپ، سىنىپىي جەمئىيەت تىكلىنىشكە باشلىغاندا بارلىققا كەلگەن دىن. ئازايىم (ئەپسۇن) ئوقۇپ، جىن - ئالۋاستىلارنى (يامان روھلارنى) قوغلاش شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسىدۇر، ئۇيغۇر خەلقىدىكى داخانلىق - پېرىخونلۇق ئەنە شۇ شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىسى. داخان - پېرىخونلار تۇغ باغلاپ، داپ چېلىپ، ئاق توخۇ ئۆلتۈرۈپ قان ئېقىتىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، جىن ئالۋاستىلارنى قوغلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارغا جىن - ئالۋاستىلار زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشتىن ساقلايدۇ دەپ بوۋاقنىڭ بېشىغا پىچاق ياكى باشقا تىغ قويۇپ قويۇش، ھەتتا جىن - ئالۋاستىلار ئەكس ئېتىدۇ، دەپ بوۋاقنىڭ بېشىغا ئەينەك قويۇپ قويۇش، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلايدۇ دەپ بۆشۈككە ئىسرىق سېلىپ تۇرۇش — مانا بۇلار شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىندۇر.

ئۇيغۇر خەلقى، بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى زەردۇشت دىنىغا بىر مۇددەت ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىننىڭ بەزى تەسىرلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلدى. بۇ دىندا ئوتتىن مەدەت تىلەيدۇ. ئېيتايلى، بىر ئادەم ساقسىز بولۇپ قالسا، كوچا دوقمۇشلىرىدىن ئەخلەت - چاۋا تېرىپ كېلىپ، كېسەل بولغۇچىنىڭ بېشىنى پۈركەپ قويۇپ، زاۋال ۋاقتىدا ئوت كۆچۈرۈش (ئۇچۇغداش)، كېسەل بولغۇچىنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن نوكچا يېقىش، يېڭى تويى بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندە قىز ئولتۇرغان هارۋىنى كۆيۈۋاتقان ئوت دۆۋىسى ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈش — مانا بۇلار زەردۇشت دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بولۇپ، ئوتتىن مەدەت تىلىگەنلىكنىڭ مىسالى.

مىلادى 760 - يىللاردىن باشلاپ ئىراندىن كىرگەن مانى دىنىغا بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كۆپرەك ئېتىقاد قىلغان (بۇددا دىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا). بۇ دىن يورۇقلۇقنى مۇقەددەس بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىندا كۈن ۋە ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى ئۇلۇغلىناتتى، ئۇلاردىن مەدەت تىلىنەتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى چىقىۋاتقان كۈنگە قاراپ تەزىم قىلىشى، باشقا ۋاقىتلاردا كۈنچىقىشقا قاراپ تەزىم قىلىشى (بۇمۇ كۈنگە تەزىم قىلغانلىق بولۇپ هېسابلىناتتى) بۇنىڭ مىسالى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈن ياكى ئاي تۇتۇلسا يىغا - زارە قىلىشىپ، دۇئا - تەكبىر ۋە نەزىر - چىراق قىلىش ئادىتى بار ئىدى. بۇمۇ مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا (هازىرمۇ ياشانغانلار ئارىسىدا مەۋجۇت) كۈنگە قاراپ تۇرۇپ چوڭ - كىچىك تەرەت قىلماسلىق، هاجەتخانىلار شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلۇشى، يۈزىنى يۇماي تۇرۇپ، بولۇپمۇ ناپاك (جۇنۇپ) تۇرۇپ كۈنگە قارىماسلىق — بۇلارمۇ مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسىدۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن، يۇقىرىقىلارغا ئوخشىغان هەرقايسى دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتتى ۋە يوقىتىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي مىللەت بولۇش بىلەن بىللە، تولىمۇ قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەدەبلىك خەلق. بۇ قائىدە - يوسۇنلار ئىچىدە چوڭلارنى هۆرمەتلەش ئالاهىدە خاراكتېرلىكتۇر.

1. ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن چوڭ ئادەملەرنى كۆرگەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ. چوڭلار بولسا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. سالام ۋە جاۋاب بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قول بىلەن قول ئېلىشىپ تىنچ - ئامانلىق سورىشىدۇ. بۇ ئادەت يالغۇز ئەرلەردىلا ئەمەس، يەنە خوتۇن - قىزلاردىمۇ بار. ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان ئاياللار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ. ياش خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆزىدىن چوڭلارنى كۆرگەندە «ئەسسالام» سۆزى بىلەن كۆرۈشىشى ئالاهىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئەرلەرنىڭ خوتۇن - قىزلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ياشلارنىڭ ئۆزىدىن چوڭلارغا «ياخشىمۇسىز» سۆزىنى ئىشلىتىپ، بىر قول

www.uyghurkitap.com

بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ياشلار ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن شۇنداق كۆرۈشۈشى لازىم. بەزىلەرنىڭ ئورۇن - مەرتىۋىسى ئۆسكەنلىكى تۈپەيلى، ئۆزىدىن چوڭلاردىن سالام كۈتۈشى تېخىمۇ ياخشى ئەمەس. ئورۇن - مەرتىۋە بىر گەپ، چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ئۆزى بىر گەپ. بۇ ھەرگىزمۇ قۇلچىلىق ئەمەس.

2. چوڭلار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا، تاغا، ئاكا، ئانا، ھاما، ئاچا ...» دېگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرىنى قوشۇپ چاقىرىش ئەڭ ياخشى ئەنئەنىۋى ئادىتىمىز. بىۋاستە ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىش بەكمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىدىن چوڭ بىراۋنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە ئاتاپ چاقىرسا، بۇنى ئاڭلىغان باشقا بىرى «سەن ئۇنىڭ بوشۇكىنى تەۋرىتكەنمىدىڭ؟» دەپ نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا چوڭلارغا نىسبەتەن «سەن» سۆزى ئىشلىتىلمەي، «سىلى»، «ئۆزلىرى» دېگەندەك سىپايى سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. پەقەت تەڭتۇش، كۆڭلى يېقىنلار، ياكى چوڭلار كىچىكلەرگە «سەن» سۆزىنى قوللىنىدۇ.

3. تاماقنىڭ ئالدى چوڭلارغا بېرىلىدۇ، تاماقنىڭ ئالدىنى تالىشىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. چوڭلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە، تاماققا چوڭلار قول ئۇزاتمىغىچە قول ئۇزىتىش — بۇمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. «قېنى ئېپ بەرسىلە» دەپ چوڭلارنى تەكلىپ قىلىش ياخشى ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا چوڭلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە ئۆز ئالدىنى قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزىتىپ لوقما ئېلىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. باشقىلار بىلەن بىر قاچىدا غىزا يېگەندە، قاچىدىكى تائامنى ئېلەشتۇرۇپ قوچۇش — بۇ ئۇچىغا چىققان ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. ياشانغان ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلسە، ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش، ئورۇن بوشىتىپ، تۆرگە تەكلىپ قىلىش ياخشى ئادەتلىرىمىز جۈملىسىگە كىرىدۇ.

5. ياشانغان، ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئارقىسىدىن ئۆتۈلىدۇ. ناۋادا ئىلاجىسىز ئالدىدىن ئۆتۈش توغرا كېلىپ قالسا، «ئالدىڭىزدىن ئۆتۈپ قويدۇم» دەپ ئەپۇ سورۇلىدۇ. بىر سورۇندا ئولتۇرغاندا ياشانغان ئادەملەرگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇشمۇ ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نائىلاج ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالغاندا، «ئارقام بولۇپ قالدى» دەپ ئەپۇ سورۇلىدۇ. ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئات - ئۇلاغ ياكى ۋېلسىپىت مىنىپ ئۆتۈشمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئات - ئۇلاغ ياكى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ سالام بېرىپ ئۆتۈش ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ ياخشى ئادەتلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. ياشلار بىر يەردە توپلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىرەر ياشانغان ئادەم ئۆتسە، ئولتۇرغانلارنىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆز ھۆرمەتلىرىنى بىلدۈرۈشى — بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ياخشى ئادەتلەرنىڭ بىرى.

6. توپلىشىپ بىرەر يەرگە كىرگەندە ياكى يول يۈرگەندە چوڭلارغا يول قويۇلىدۇ.

ئۇلاردىن يول تالىشىش ئەيىب ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆيگە ئالدىدا كىرىۋېلىش ياكى يولدا چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىش چوڭلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

7. ياشانغان ئادەملەر ئالدىدا پۇتنى ئالماپ ياكى مىنگەشتۈرۈپ ۋە ياكى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇرۇشمۇ بىئەدەب ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

8. ياشانغان ئادەملەر بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشكەندە، قولنى يانچۇققا سېلىپ تۇرۇپ ياكى قولنى ئارقىغا قىلىپ تۇرۇپ ۋە ياكى پۇتنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سۆزلىشىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. شۇنداقلا چوڭلار بىلەن سۆلەشكەندە شەپكە ياكى بۆكنى قىڭغىر كىيىپ ياكى چاپاننىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمەي سۆزلىشىش ياكى تاشقى كىيىمنى كىيمەي مايكىچان تۇرۇپ سۆزلىشىش تېخىمۇ ئەيىب، شۇنداقلا چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندە قولنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلىشىشمۇ ئەيىب ئىشلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

9. ياشانغان ئادەم بىر ئىش بىلەن (ئاساسەن جىسمانىي ئەمگەك) بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسا، ئۇنى كۆرگەن بىر ياش ئۇنىڭ قولىدىكى قورالنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىشىنى ئىشلەپ بېرىش ئېسىل ئەخلاقىمىز.

10. ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز ۋە باشقا چوڭلار ئالدىدا تاماكا چېكىش ۋە باشقا كەيپىنى قىلىش ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. بەزىلەر تاماكا چېكىۋاتقان بولسا، چوڭلارنى كۆرگەن ھامان يوشۇرىدۇ. بۇ ياخشى ئەھۋال.

× ×

مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە قازان ئېسىلىدۇ، داستىخان سېلىنىدۇ. ئەقەللىسى، قايناقسۇ، زاغرا بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلىنىدۇ. قول ـ ئىلكىد بارلار مال سويىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى مېھماندوستلۇق ھېيت ـ ئايەملەردە ئالاھىدە كەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

2. مېھمان ناھايىتى ھۆرمەتلىنىدۇ. مېھمانغا چاي ياكى تاماق پەتنۇس بىلەن سۇنۇلىدۇ. پەتنۇس ئىشلەتمىگەندە ئىككى قوللاپ سۇنۇلىدۇ. ئامالسىزلىقتىن بىر قول بىلەن سۇنۇلۇپ قالغان بولسا، «بىر قولۇم بولۇپ قالدى، ئەپۇ قىلسىلا» دەپ ئۆزرە ئېيتىلىدۇ. مېھمان ياكى چوڭلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىش ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئادىتى. مېھمانغا چاي قۇيغاندا ياكى باشقا نەرسە سۇنغاندا، ئوڭ قول ئىشلىتىلىدۇ، سول قولنى ئىشلىتىش مېھمانغا نىسبەتەن تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

3. ئەر ـ خوتۇن دەرقەم تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسى بولغان ئائىلە ئەر مېھمانغا توغرىدىن ـ توغرا چاي ياكى تاماق سۇنمايدۇ. ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ.

4. مېھمانغا چاي قۇيۇلغان ياكى تاماق ئۇسۇلغان قاچىنىڭ بېجىرىم بولۇشىغا، پۇچۇق ياكى دەز كەتكەن بولماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن پۇچۇق ياكى دەز قاچىدا چاي ياكى تاماق كەلتۈرۈلۈپ قالغان بولسا، ئۆي ئىگىسى

www.uyghurkitap.com

سېزگەن ھامان ئۇنى دەرھال يەڭگۈشلەۋېتىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ. مېھمانغا چاي قۇيغاندا پىيالىنى تولدۇرۇپ قويمايدۇ. چاينى پىيالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇيۇپ چاينى كۆپۈكلەشتۈرۈش ناھايىتى ئەيىب بولىدۇ. چاي پىيالىنىڭ يان تەرىپىگە قۇيۇلىدۇ. پىيالىدىكى كونا چاي ئۈستىگە يېڭى چاي قۇيۇلماي، كونا چاي تۆكۈۋېتىلىپ، چاي يېڭىلىنىدۇ.

5. مېھمان كاڭلىق - سۆپىلىق ئۆيگە باشلانغان بولسا، مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىنىدۇ.

6. ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىشىك ئالدىدا ياكى دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇلىدۇ. ئىشىكتىن چىقماي بوسۇغىدىلا ئۇزىتىپ قويۇش مېھمانغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

7. بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئۇلاغلىق مېھمان كەلسە، ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ ۋە مېھماننىڭ قولىدىن ئۇلاغنى ئېلىپ باغلايدۇ. مېھمان قايتىدىغان چاغدا، ئۆي ئىگىسى ئۇلاغنى يېشىپ كېلىپ، مېھماننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۇلاغقا مىنگۈزۈپ قويىدۇ.

× ×

ئۇيغۇرلاردا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يانداكى قوشنا ياخشى» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقال ئۆز رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرغان. قوشنىدارچىلىق جەھەتتە ئۇيغۇرلاردا ئوبدان ئادەت ساقلانغان.

1. قوشنىلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇ - ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىدۇ. بۇ، بولۇپمۇ ئۆلۈم - يىتىم، توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. قوشنىلار ئېغىر - يېنىك ئىشلاردا بىر - بىرىگە ئوبدان ياردەملىشىدۇ.

2. قوشنىلار ئاخشام - ئەتىسى، بارمۇ سەن، يوقمۇ سەن دېيىشىپ ھال ئەھۋال سورىشىپ تۇرىدۇ.

3. قوشنىلار ئۆزئارا كەم - كۈتە نەرسىلەرنى بىر - بىرىدىن ئۆتنە - يېرىم قىلىشىدۇ، سورالغان نەرسە بارلا بولسا، بەرمەي قويمايدۇ.

4. قوشنىلار بىر - بىرىگە تاماق سۇنۇشىدۇ. قوشنىلاردىن بىرى ياخشىراق تاماق ئەتكەن كۈنى شۇ تاماقتىن ئۆز قوشنىسىغا كىرگۈزۈش — ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ياخشى ئەنئەنىمىز، تاماق كىرگۈزۈلگەن قاچا، قاچان قايتىشىدىن قەتئىينەزەر، قۇرۇق قايتمايدۇ.

5. يېڭى قوشنا كۆچۈپ كەلگەن بولسا، كونا قوشنىلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە چاي قىلىپ كۈتۈۋالىدۇ. شۇنىڭدەك قوشنىلاردىن بىرەرسى كۆچۈپ كەتسە، قېپقالغان قوشنىلار چاي قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. كۆچۈپ كەتكەن ۋە قېپقالغان قوشنىلار دائىم بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ تۇرىدۇ.

6. قوشنىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ يىراق - ياقا يۇرتلاردىن يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كېلىپ قالسا، باشقا قوشنىلار قوشنىسىنىڭ ۋە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە چىللاپ مېھمان قىلىۋالىدۇ.

# پاسسىپ ستىلىستىكا ۋە ئاكتىپ ستىلىستىكا

يولۋاس راشىدىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ستىلىستىكىنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى، پاسسىپ ستىلىستىكا بىلەن ئاكتىپ ستىلىستىكىنىڭ مەزمۇنى، ۋە مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

## 1

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شۋېيتسارىيە تىلشۇناسى چارلىز باللىي (charles Bally) «فرانسۇز تىلى ستىلىستىكىسى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. باللىي بۇ ئەسىرىدە تىلنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان ئۇسلۇبشۇناسلىق ئىلمىنى شەرھلىدى، مىللىي تىلنىڭ ستىلىستىك ھادىسىلىرىنى، تىلنىڭ سىنونىمىيە ھادىسىلىرى (مەنىداش شەكىللىرى) ۋە ستىلىستىك ۋاسىتىلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلدى، شۇ ئاساستا ستىلىستىكىنى ئاكتىپ ستىلىستىكا ۋە پاسسىپ ستىلىستىكا دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلدى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر چارلىز باللىينىڭ «فرانسۇز تىلى ستىلىستىكىسى» دېگەن ئەسىرىنى ھازىرقى زامان ستىلىستىكىسىغا ئاساس سالدى دەپ قارايدۇ ۋە باللىينىڭ ئۆزىنى ھازىرقى زامان ستىلىستىكىسىنىڭ پېشۋاسى ھېسابلايدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىغا كەلسەك، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ دوتسېنتى رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ئەپەندى: «ستىلىستىكىنىڭ مەقسىتى، بىرىنچىدىن، يازما نۇتۇقنى ۋە ئېغىز نۇتقىنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك، راۋان ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بولسا، ئىككىنچىدىن، يازما نۇتۇقنى ۋە ئېغىز نۇتقىنى جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر بېرىشتىن ئىبارەت. ستىلىستىكىنىڭ بىرىنچى مەقسىتى — ستىلىستىكىنىڭ تۆۋەن تەلىپى، ئىككىنچى مەقسىتى — ستىلىستىكىنىڭ يۇقىرى تەلىپى» دەيدۇ (رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىدىن لېكسىيىلەر»، 1988 - يىل نەشرى، 12 - بەت). دېمەك، رەۋەيدۇللا ئەپەندى ستىلىستىك پائالىيەتلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپنى ئىككى دەرىجىگە بۆلىدۇ. ئۇ «ئاكتىپ»، «پاسسىپ» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭ «تۆۋەن تەلەپ» دېگەن ئىبارىسىدىكى «تۆۋەن تەلەپ» دېگىنى پاسسىپ ستىلىستىكىنى، «يۇقىرى

تەلەپ» دېگىنى ئاكتىپ ستىلىستىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەنمۇ ئىلگىرى ستىلىستىكىنى توغرىدىن توغرا ئادەتتىكى ستىلىستىكا ۋە ئالاھىدە ستىلىستىكا دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلگەنىدىم. ئاندىن ئادەتتىكى ستىلىستىكىنى پاسسىپ ستىلىستىكا دەپ ئاتاپ، پاسسىپ ستىلىستىكا ئېنىق، توغرا، راۋان، ئىخچام بولۇشنى بەلگە قىلىدۇ، دېگەنىدىم؛ ئالاھىدە ستىلىستىكىنى ئاكتىپ ستىلىستىكا دەپ ئاتاپ، ئاكتىپ ستىلىستىكا ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك، قىزىقارلىق بولۇشنى بەلگە قىلىدۇ دېگەنىدىم. («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1991 - يىللىق 4 - سان، 18 - بەت) دېمەك، ستىلىستىكىدىكى پاسسىپ ستىلىستىكا ۋە ئاكتىپ ستىلىستىكا دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىغىمۇ كىرىپ كەلدى.

1

پاسسىپ ستىلىستىكا يەنە ئۆلچەملىك ستىلىستىكا، ئادەتتىكى ستىلىستىكا، ئەسلى مەنا ستىلىستىكىسى دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. پاسسىپ ستىلىستىكا گراماتىكا ۋە لوگىكا قائىدىلىرى دائىرىسىدە بارلىققا كېلىدىغان ستىلىستىك ھادىسىلەرنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ تىلنىڭ ئېنىق، توغرا، راۋان، ئىخچام بولۇشىنى بەلگە قىلىدۇ، كۆپىنچە، سۆز ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئابستراكت ۋە فورمۇللاشقان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەممە يەردە ئىشىنىڭ يولى بويىچە پىكىر قىلىشنى، يەنى پىكىر مەزمۇنى لوگىكا قائىدىلىرىگە، جۈملە تۈزۈلۈشى گراماتىكا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى، پاكىت سۆزلىگەندە ئىشنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى، نەزەرىيە سۆزلىگەندە لوگىكىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ تىلنىڭ جەلپ قىلارلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلماي، پىكىر ئوبيېكتىنىڭ ھەم ئېنىق، ھەم توغرا ئىپادىلىنىشىنى، تىلنىڭ ھەم راۋان، ھەم ئىخچام بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پاسسىپ ستىلىستىكىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى «چۈشەندۈرۈش» تىن ئىبارەت. ئۇ سۆز - جۈملىلەرنىڭ قىلچىمۇ مۇجمەل بولۇپ قالماسلىقى، ئاچا مەنە بېرىپ قويماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ، نائېنىق، مۇجمەل، ئاچا مەنىلىك سۆزلەرنىڭ پىكىرنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويۇشىدىن، جۈملىدە ئارتۇقچە سۆزلەرنىڭ پىكىرنىڭ ئېنىق ئىپادىلىنىشىگە سايە تاشلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، پىكىرنى ئىپادىلەشكە قاتناشقان سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىدا ئىش كۆرىدۇ، سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى قانداق بولسا، كونتېكستتىكى مەنىسىمۇ شۇلا بولىدۇ، يەنى سۆزنىڭ ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، پاسسىپ ستىلىستىكا گراماتىكا قائىدىلىرىگە، لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە بىرمۇ بىر رىئايە قىلغان ئاساستا بارلىققا كېلىدۇ، بۇ ئاساستىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن، «ئېلىمىز ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت، دۆلىتىنىڭ ئۇزۇندىنچە مۇقىم بولۇشى ۋە گۈللەپ روناق تېپىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكتە ئۆزئارا ياردەملىشىشى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى،

ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا تايىنىدۇ.» ("ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە جۇڭگونىڭ يېقىنقى ـ ھازىرقى زامان تارىخى ۋە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى" دىن) دېگەن مىسالنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي گرامماتىكا قائىدىسى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلى مەنىسى بويىچە: «ئېلىمىز» — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى؛ «ئىتتىپاقلاشقان» — ئۆتمۈشتىكى دىنىي ـ مىللىي ماجىرالار ۋە تۈگىمەس جەڭگى ـ جېدەللەر تۈگەپ، ھەممە خەلق ئىتتىپاق بولغان؛ «بىرلىككە كەلگەن» — ئۆتمۈشتىكى رايونلار ئارا تەپرىقىچىلىك، باشباشتاقلىق تۈگەپ، ئورتاق بىر مەركەز ئاستىغا ئۇيۇشقان؛ «كۆپ مىللەتلىك» — ئېلىمىزدە 56 مىللەت ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان؛ «سوتسىيالىستىك» — دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى دۆلەت .... دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن؛

«ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس» (ماۋزېدۇڭ) دېگەن مىسالدىكى سۆزلەرنى مۇنداق ئەسلى مەنىسى بويىچە چۈشىنىشكە بولمايدۇ، مەسىلەن، «ئەكسىيەتچى» — ئادەم، «يولۋاس» — ھايۋان دېگەن مەنىدىكى «ئەكسىيەتچى» نى «يولۋاس» دېيىش لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، «يولۋاس» — جانلىق، «قەغەز» — جانسىز، شۇڭا، «قەغەز يولۋاس» دېيىشمۇ لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

مانا شۇنداق ئەسلى مەنىسىدە چۈشىنىشكە بولمايدىغان سۆزلەر مەجازىي (كۆچمە مەنىلىك) سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەجازىي سۆزلەر پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. ئىككىنچى مىسالدا ئوخشىتىشنىڭ مېتافورا شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ، مەنىسى: «ئەكسىيەتچىلەر قەغەزدىن ياسالغان يولۋاسقا ئوخشايدۇ، ئەلپازى قورقۇنچلۇق بولغىنى بىلەن، ئىچى كاۋاك، تۇرتۇپ قويسا تېشىلىپ كېتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. پاسسىپ ستىلىستىكىدا مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىلىم ـ پەن، سىياسىي ـ نەزەرىيە، ئەمىر ـ پەرمانغا دائىر ماقالىلەرگىلا ماس كېلىدۇ.

## 1

ئاكتىپ ستىلىستىكا يەنە بەدىئىي ستىلىستىكا، ئالاھىدە ستىلىستىكا، مەجازىي (كۆچمە مەنىلىك) ستىلىستىكا دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئاكتىپ ستىلىستىكا تىلنىڭ گرامماتىكىلىق ۋە لوگىكىلىق قائىدىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەركىن پايدىلىنىشتىن بارلىققا كېلىدىغان ستىلىستىك ھادىسىلەرنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ تىلنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق، ئېلەلىمرلىك، قىزىقارلىق بولۇشىنى بەلگە قىلىدۇ. ئاكتىپ ستىلىستىكا ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەر كىشىگە تەسىرلىك، غەيرىيلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىدە دىققەت ۋە قىزىقىش قوزغايدۇ. ئاكتىپ ستىلىستىكا گرامماتىكا قائىدىلىرى ۋە لوگىكا قانۇنىيەتلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، تىلنىڭ بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىلەش ئىمكانىيەتلىرىدىن ئەركىن ۋە تولۇق پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئاكتىپ ستىلىستىكىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى «تەسىرلەندۈرۈش» تىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭدا پىكىرنى ئىپادىلەشكە قاتناشقان سۆزلەرنى ئەسلى مەنىسىدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ، بەلكى ئاسسوتسىئاتسىيە (باغلاپ ئويلاش) قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ مەجازىي مەنىلىرى بويىچە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى كونتېكستنى نەزەردە تۇتۇشقا، تېكست ئىچىدە سۆزلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى باغلىنىشى ئاساسىدا ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئاكتىپ ستىلىستىكىدا سۆزنىڭ ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا خېلى كەڭ ئارىلىق بولىدۇ. ئاكتىپ ستىلىستىكا ۋاسىتىلىرى بىلەن بېزەلگەن تىل بەدىئىي تىل دەپ ئاتىلىدۇ، ئاكتىپ ستىلىستىكا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئاكتىپ ستىلىستىكىدىن ئايرىلىپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

«نى ئېردى مەيكەدە غەۋغاسى، رەز قىزىنى گويا،
بۇ شام قىلدى نەۋايىغە دەير پىرى نىكاھ.»

(ناۋايى)

(يەشمىسى: مەيخانىدىكى نېمە غەۋغا بولاتتى، بۇ ئاخشام مەيخانىچى تەك قىزىنى ناۋايىغا نىكاھ قىلدى.)

«كۆزلىرىمگە سېلىپ ۋەھىمە،
بەڭباش ئۇيقۇ كېلەر سەپ تارتىپ.
ھېسلىرىمنى ئوراپ كۆكۈمگە،
كىرپىكىمگە ئېغىر يۈك ئارتىپ.»

(ئا. ئابدۇخېۋىر)

بۇ مىساللار ئاكتىپ ستىلىستىكىنىڭ ئۆلگىسى. ئۈچىنچى مىسالدا مەيخانىدىكى قىزغىن كەيپىياتنى تويغا ئوخشىتىلىپ، ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ مىسالدىكى «تەك قىزى» ئۈزۈم شارابىنى كۆرسىتىدۇ. شاراب ھەرگىز قىز ئەمەس، بۇ يەردە شاراب «قىز» دېيىلگەن. شارابنى ئادەمگە نىكاھ قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇيۇك تىل ئۇستىسى ناۋايى يۈكسەك تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ، مەيخورلارنىڭ مەيگە بولغان ئىشتىياقىنى «مەيخورنىڭ مەيگە ئۆيلىنىشى» گە ئوخشىتىدۇ ـ دە، مەيخانا كەيپىياتىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. تۆتىنچى مىسالدىكى سۆزلەرنىمۇ ئەسلى مەنىسىدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇيقۇمۇ بەڭباش بولامدۇ؟ ئۇ لەشكەر بولمىسا، قانداق سەپ تارتىدۇ؟ ئۇيقۇ كۆزگە قانداق ۋەھىمە سالىدۇ؟ ئۇيقۇ ئادەمنىڭ ھېسسىنى قانداقمۇ تەبىئىي ھادىسە بولغان كۆكۈمگە ئورايدۇ؟ ئۇيقۇ فىزىئو-لوگىك ھادىسە تۇرسا، ئۇ كىرپىككە قانداقمۇ يۈك ئارتسۇن؟ لېكىن، بىز گىرامماتىكا

ۋە لوگىكا قائىدىلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئاسسوتسىئاتسىيە قابىلىيىتىمىزنى ئاز - تولا ئىشقا سېلىپ، باشقا ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ ئويلىساقلا ئۇنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. قاراڭ: ئۇيقۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي بىمەھەل كەلگىنى ئۈچۈن «بەڭباش» دېيىلگەن؛ ئۇيقۇ لەشكەر بولمىسىمۇ خۇددى لەشكەردەك، كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى بويسۇندۇرۇۋالغىنى ئۈچۈن، ئۇنى لەشكەرگە ئوخشىتىپ «سەپ تارتىپ كەلدى» دېيىلگەن؛ ئۇچۇق تۇرغان كۆز ئۇيقۇنىڭ تەسىرىدە ئۇچۇق تۇرۇش ئىختىيارى ۋە ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنى ئۈچۈن «ئۇيقۇ كۆزگە ۋەھىمە سالدى» دېيىلگەن؛ كىشىنىڭ كۈندۈزدەك روشەن پىكىر - ھېسسىياتى ئۇيقۇ سەۋەبىدىن كەچكى گۇگۇمدەك خىرەلەشكىنى ئۈچۈن، «ئۇيقۇ ھېسلىرىمنى گۇگۇمگە ئوردى» دېيىلگەن. ھەر قانداق نەرسە ئېغىرلىق تەسىرىدە تىك تۇرالماي پەسكە ئېگىلىدۇ، ئۇيقۇ شۇ ئېغىرلىقنىڭ ئورنىدا كىرپىكلەرنىڭ تۆۋەن ساڭگىلىشىغا سەۋەب بولغىنى ئۈچۈن، «يۈك» كە قىياس قىلىنىپ، «ئۇيقۇ كىرپىكىمگە ئېغىر يۈك ئارتتى» دېيىلگەن.

بۇ مىساللاردىن ئاكتىپ ستىلىستىك ھادىسىلەرنى چۈشىنىشتە سۆزلەرنىڭ ئابستراكت مەنىسىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، چوقۇم سۆزلەرنىڭ ئەركىن ئىشلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئۆزگىرىشچان مەنىلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى، شۇنىڭدەك ئاكتىپ ستىلىستىكىدا پىكىر ناھايىتى ئەركىن - جانلىق، چۈشىنىشلىك - ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، تىلىمىز ئويناق تۈسكە كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئاكتىپ ستىلىستىك ۋاسىتىلەر خېلى تولا، شۇلاردىن بىرى «ھېسسىيات كۆچۈرۈش» تۇر، بۇنىڭدا ئاپتور كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى شەيئىگە كۆچۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

«بولدى سىمابى لىباسىڭ رەڭگى بەسكىم ئەيلەدىم،
كۆز سەھەبىدىن باشىڭغە ئەشك سىمابىن نىسار.»

(ناۋايى)

(يەشمىسى: كۆينىكىڭنىڭ سىماب رەڭ ئېلىشى كۆزۈم بۇلۇتلىرىدىن بېشىڭغا ياش سىمابلىرىنى چاچقانلىقىمدىن بولغان.)

بەشىنچى مىسالدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋال مۇنداق: شائىر ناۋايى ھېسسىياتىنى ئاۋۋال مەشۇقىنىڭ كۆينىكىنىڭ رەڭگىگە كۆچۈرۈپ، «كۆينىكىڭ ياش سىمابلىرىدىن رەڭ ئېلىپ سىماب رەڭگىگە كىرگەن» دەيدۇ، ئاندىن يەنە شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يار دەردىدە كېچە - كۈندۈز نالە - پەرياد قىلىپ، كۆزىدىن ياش قۇرمايدىغانلىق ھېسسىياتىنى يارقىن ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

4

پاسسىپ ستىلىستىكا بىلەن ئاكتىپ ستىلىستىكىنىڭ يۇقىرى — تۆۋەنلىك پەرقى يوق. بىرىنچىدىن، دېمەكچى بولغان مەقسەت قارشى تەرەپكە ئېنىق ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇجمەللىك تۇغدۇرمايدىغان مەنىسى ئېنىق سۆزلەرنى تاللاش، سۆز - جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش قاتارلىق پاسسىپ ستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. توغرا، ئېنىق، راۋان، ئىخچام بولۇش پۈتكۈل ستىلىستىكىنىڭ تەلىپى ۋە ئاساسى، جۈملىدىن ئاكتىپ ستىلىستىكىمۇ بۇ تەلەپلەرنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك، قىزىقارلىق بولۇش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. پاسسىپ ستىلىستىكا تەلەپلىرى ئاساس، ئاكتىپ ستىلىستىكا تەلەپلىرى ئۇنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت. تىل توغرا ۋە ئېنىق بولۇش ئاساسىدىن ئايرىلسا، پىكىرنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. پاسسىپ ستىلىستىكا زېمىنىدىن ئايرىلىپ، ئاكتىپ ستىلىستىكىنىڭ كۆركەم بىناسىنى قۇرغىلى بولمايدۇ.

بۇ ئىككى ۋاسىتىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ پاسسىپ ستىلىستىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشى كۆپ ۋە ئاساسىي ئورۇننى، ئاكتىپ ستىلىستىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشى ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاكتىپ ستىلىستىكىسىز بەدىئىي تىل يەنى ئەدەبىي ژانىرلار تىلى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى بەدىئىي ئەدەبىيات مەۋجۇت بولمايدۇ، بۇ پاكىت. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاكتىپ ستىلىستىكا پاسسىپ ستىلىستىكا تۇپرىقىغا يىلتىز يايغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىر ئادەمنىڭ تىل جەھەتتە تەربىيىلىنىشىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىمۇ ئالدى بىلەن پاسسىپ ستىلىستىكا جەھەتتىكى سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تارىختا ھەر قانداق بىر تىل ئۇستىسىنىڭ سۆز تاللاش ۋە سۆزلەرنى جايىغا چۈشۈرۈش يولىدا تەر تۆكۈپ سەرپ قىلغان مۇشەققەتلىك ئەجىرلىرى پىكىرنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، ئادەتتە تىل ئىشلىتىشتە كۆرۈلىدىغان نۇقسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گرامماتىكا جەھەتتىن قارىغاندا، راۋان بولماسلىق، سۆز ئۆز ئورنىغا چۈشمەسلىك، تىلنى سۆيۈلدۈرىدىغان ئارتۇقچە سۆز ئىبارىلەر دۆۋىلىنىپ كېتىش؛ لوگىكا جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇقۇم ئېنىق ئىپادىلەنمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى پاسسىپ ستىلىستىكا كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، پاسسىپ ستىلىستىكا قانداقتۇ تۆۋەن دەرىجىلىك، ئۆگەنسىمۇ - ئۆگەنمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، تىل جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنى ۋە تىلدىن پايدىلىنىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن،

ئالدى بىلەن پاسسىپ ستىلىستىكا ساھەسىدە تەر تۆكۈش كېرەك. ئۇنىڭسىز بەدىئىي ئەدەبىيات تىلىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئاكتىپ ستىلىستىكىنى ئىگىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئومۇمەن ستىلىستىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقارغىلى بولمايدۇ. ئوخشىتىش جانلاندۇرۇش دېگەندەك بىر نەچچە ستىلىستىك فورمىنى بىلىۋالغانلىق ھەرگىز ستىلىستىكىنى بىلىۋالغانلىق ئەمەس.

## 5

### پاسسىپ ستىلىستىكا بىلەن ئاكتىپ ستىلىستىكىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى

پاسسىپ ستىلىستىكا بىلەن ئاكتىپ ستىلىستىكا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ستىلىستىك پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، ھەم بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، ھەم بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، بىر ماقالىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا پاسسىپ ستىلىستىك ھادىسىلەر بولمىسا بولمايدۇ، ئاكتىپ ستىلىستىك ھادىسىلەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى توپ مەسىلە شۇكى، تىل ئالاقىسى ھەم ئېنىق ۋە توغرا ئىپادىلىنىشكە ئېھتىياجلىق، ھەم جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشقىمۇ ئېھتىياجلىق. تىلى ئېنىق ۋە توغرا بولمىسا، مەقسەت ئۇقۇلمايدۇ، تىلى جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولمىسا، باشقىلار ياقتۇرمايدۇ، پاسسىپ ستىلىستىكا پىكىر مەزمۇنغا مايىلراق، ئاكتىپ ستىلىستىكا تىل شەكلىگە مايىلراق كېلىدۇ. مەلۇمكى، مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، شەكىل مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، پاسسىپ ستىلىستىكا زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى، ئاكتىپ ستىلىستىكا زىددىيەتنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، بۇمۇ قېتىپ قالغان ئۆزگەرمەس مۇناسىۋەت ئەمەس، مۇئەييەن شارائىتتا زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرىپى بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدۇ، قىسقىسى، پاسسىپ ستىلىستىكىنى ئىگىلەش ماھارىتىنى يېتىلدۇرۇش كېرەك.

# تىلنىڭ ئىخچاملاش ئىقتىدارى توغرىسىدا

راززاق مەتنىياز

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، سۆز ۋە جۈملىدىن ئىبارەت تىل شەكىللىرىدە بولىدىغان ئىخچاملاش ھادىسىسى ئۈستىدە لوگىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىخچاملاش شەرتلىرى ۋە ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

تىل — تەپەككۇر قورالى. تەپەككۇر بەلگىلىك مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە، تىلمۇ بەلگىلىك مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە. تەپەككۇر مەزمۇنى بىلەن تىل مەزمۇنى تەپەككۇر شەكلى بىلەن تىل شەكلى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

تەپەككۇر شەكىللىرى بولغان ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە خۇلاسىلەر تىل شەكىللىرى بولغان سۆز ۋە جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇڭا تەپەككۇر مەزمۇنى ھامان تىل شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تىل مەزمۇنى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، تۇراقلىشىدۇ ۋە ئىپادە قىلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. تەپەككۇر شەكىللىرى بولغان ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە شەيئى بىلەن بىۋاسىتە باغلانغان بولىدۇ، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا تەپەككۇر شەكىللىرىدە ھەقىقىيلىك، ساختىلىق ئەھۋالى بولىدۇ، شۇ سەۋەبلىك، تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تەپەككۇر مەزمۇنى مۇئەييەن تەپەككۇر جەريانىدا باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىخچاملانمايدۇ. تىل شەكىللىرى ئوبيېكت بىلەن بىۋاسىتە باغلانمايدۇ، پەقەت ئوبيېكتنىڭ شەرتلىك بەلگىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ھەقىقىيلىك، ساختىلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، پەقەت تەپەككۇر مەزمۇنىنى مۇۋاپىق ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسىلا مەۋجۇت بولىدۇ. سۆزلىگۈچى تىلدىن پايدىلىنىپ ئۆز تەپەككۇرىنى ئۇيۇشتۇرغاندا، ئىمكان قەدەر قىسقا ۋە ئىخچام سۆز، جۈملىلەر ئارقىلىق مول ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئالما» سۆزى «ئالما دەرىخى» ۋە «شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا! «ئالمىغا كۆچ بەردۇق» دېگەن جۈملىدە «ئالما» سۆزى «ئالما دەرىخى» گە ۋەكىللىك قىلغان بولسا، «ئالما يېدىم» دېگەن جۈملىدىكى «ئالما» سۆزى «شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى» گە ۋەكىللىك قىلغان. «يېيىش» ھەرىكىتى «مېۋە» دېگەن ئوبيېكت بىلەن، «كۆچ بەرمەك» ھەرىكىتى «ئۆسۈملۈك» دېگەن ئوبيېكت بىلەن

بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولغاچقا، كىشىلەر «ئالمىغا كۆچ بەردۇق» دېگەن جۈملىدىكى «ئالما» سۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئۇقۇم بىلەن «ئالما يېدىم» دېگەن جۈملىدىكى «ئالما» سۆزى ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنى ھېچقاچان ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدۇ. دېمەك، تەپەككۇر شەكىللىرى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەت سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق جەريانىدا ئۆز تەپەككۇرىنى قىسقا ۋە ئىخچام سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرالىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ قىسقا ۋە ئىخچام ئىپادىلىنىشى كونتېكستقا باغلىق بولىدۇ.

تىل — ئالاقە قورالى. ئالاقە جەريانىدا سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى بولىدۇ، ئالاقە بەلگىلىك ماكان ۋە مۇئەييەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. سۆزلىگۈچى ئۆز ئىدىيىسىنى، مەقسىتىنى ۋە ھېسسىياتىنى مۇئەييەن پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، مۇئەييەن سۆز ۋە جۈملىلەر ئارقىلىق تىڭشىغۇچىغا يەتكۈزىدۇ. تىڭشىغۇچىمۇ مۇئەييەن پوزىتسىيىدە تۇرۇپ سۆزلىگۈچىگە مۇئامىلە قىلىدۇ. بىر پۈتۈن ئالاقە جەريانىدىكى مۇشۇ خىل ئامىللار كونتېكست (تىل شارائىتى) دېيىلىدۇ. مۇئەييەن كونتېكستتا كونكرېت تەپەككۇر مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت تەپەككۇر شەكىللىرى سۆز ۋە جۈملىلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغاندا، بەلگىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن بىر قىسىم سۆز ۋە جۈملىلەر قىسقارتىلىپ ئىخچاملىنىدۇ. بۇ خىل ئىخچاملاش جەريانىدا تەپەككۇر مەزمۇنى كونتېكستقا يوشۇرۇنىدۇ، ئىخچاملانمايدۇ.

## سۆز ئۇقۇمنى ئىخچاملاپ ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ

1. تۈردەش ئۇقۇم بىلەن ئۇنىڭ ئېلېمېنتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىدە تۈردەش ئۇقۇم كونكرېت ئۇقۇم بولسا، ئۇنداقتا، بۇ خىل ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئېلېمېنتنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئىسىمنىڭ ئورنىغا تۈرنى ئىپادىلەيدىغان تۈردەش ئىسىم قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاس ئىسىملىك بەلگە قىسقارتىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تۈردەش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان تۈردەش ئىسىمنىڭ كونتېكستتا كونكرېت شەيئىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئېلېمېنت بىلەن تۈر ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي ئىچىگە ئېلىنىش مۇناسىۋىتىدە ئېلېمېنتنىڭ تۈرگە تەۋەلىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، خاس ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئىسىم تۈردەش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان تۈردەش ئىسىم بىلەن بىرىكمەي، تۈردەش ئىسىم قىسقارتىلىپ، بىۋاسىتە خاس ئىسىم بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) «تاغقا يېقىنلاشتۇق» دېگەن جۈملىدىكى «تاغ» سۆزى تۈردەش ئىسىم، تۈردەش ئىسىم تۈردەش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. تۈردەش ئۇقۇم ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كونكرېت ئوبيېكتلارنىڭ بەلگىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان ئۇقۇم بولغاچقا، كونكرېت ئۇقۇممۇ بولالايدۇ. يېقىنلاشقان تاغ ھامان كونكرېت بىر تاغ بولۇشى كېرەك. ئالايلى، ياكى بوغدا تېغى، ياكى ئاغىبۇلاق تېغى،...

قاتارلىق كونكرېت تاغلارغا يېقىنلاشتۇق دېيىش كېرەك. ئەمما بۇ جۈملىدە خاس بەلگىنى ئىپادىلەيدىغان «بۇغدا»، «ئاغىبۇلاق» قاتارلىق سۆزلەردىن بىرى قىسقارتىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، «گۆش يېدۇق»، «تاماق ئەتتى» قاتارلىق جۈملىلەردىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ خىل ئىخچاملاش جەريانىنى ئۈچ ھۆكۈملۈك تەركىبىدە تېخىمۇ ئېنىق بايقاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «قوغۇن تاتلىق مېۋە، قوغۇن بىر يىللىق ئۆسۈملۈك. دېمەك، بەزى بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەر تاتلىق مېۋە». بۇ ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ يەكۈنى بىمەنە. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاتالغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن «قوغۇن» سۆزى چوڭ ئاساستا «قوغۇن مېۋىسى» دېگەن ئۇقۇمنى، كىچىك ئاساستا «قوغۇن ئۆسۈملۈكى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەچكە، تۆت ئاتالغۇ خاتالىقى يۈز بەرگەن. بۇ خىل خاتالىق كونتېكستنىڭ ئىخچاملاشتىكى مۇھىم رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(2) «شىنجاڭ داشۆسىدە ئوقۇيمەن» دېگەن جۈملىدە «شىنجاڭ داشۆسى» دېگەن خاس ئۇقۇم «مەكتەپ» دېگەن تۈردەش ئۇقۇمنىڭ ئېلېمېنتى بولغاچقا، «شىنجاڭ داشۆسى دېگەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن» دەپ بايان قىلىنمۇ، مەقسەت چۈشىنىشلىك بولۇۋېرىدۇ، شۇڭا بۇ جۈملىدە تۈردەش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان «مەكتەپ» دېگەن تۈردەش ئىسىم قىسقارتىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، «غۇلجىغا باردىم»، «قەشقەر ياخشى جاي» قاتارلىق مىساللاردىكى ئەھۋاللارمۇ يۇقىرىدىكى ئىخچاملاش بىلەن ئوخشاش.

بۇ خىل ئىخچاملاش ئايرىملىق ئىچىدە ئومۇمىيلىق، ئومۇمىيلىق ئىچىدە ئايرىملىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. سۆز بىرىكمىسى ھەرىكەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇم بىلەن شۇ ھەرىكەت بىۋاسىتە تەئەللۇق بولغان ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەندە، ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئىخچاملىنىدۇ. مەسىلەن، «يەر سۇغىرىش»، «قوناق ئوتاش»، «ئۆي تازىلاش»، «كىتاب ئوقۇش» قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالساق، «يەر سۇغىرىش» بىرىكمىسى «ئېتىزلىقتىكى زىرائەتلەرنى سۇ بىلەن سۇغىرىش» دېگەن ئۇقۇمنى ئىخچاملاشتىن كېلىپ چىققان. بىرىكمىدىكى «سۇغىرىش» دېگەن ھەرىكەت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان «سۇ» سۆزى ئىخچاملانغان، «قوناق ئوتاش» دېگەن سۆز بىرىكمىسى «قوناقلىقتىكى ئوتلارنى ئوتاش» دېگەن ئۇقۇمنى، «ئۆي تازىلاش» دېگەن بىرىكمە «ئۆيدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاش» دېگەن ئۇقۇمنى ئىخچاملاشتىن كېلىپ چىققان. ناۋادا «كىتاب» دېگەن بۇ ئوبيېكت «يېزىق» دېگەن بۇ ئوبيېكت بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان نەرسە بولمىغىنىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوقۇش» تىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت «يېزىق» دېگەن مۇشۇ ئوبيېكتقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان بولسا، تىلدا بۇ خىل قىسقارتىشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

3. سۆز بىرىكمىسىدە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگۈچى ئالامەت «نىڭ» بىلەن «نى» نىڭ ئىخچاملىنىش مەسىلىسى نوقۇل ھالدا تىلدىكى ئىخچاملىنىش ئەمەس. تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگۈچى «نىڭ» قوشۇمچىسىنىڭ ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق، پۈتۈنلۈك بىلەن پارچە ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتنى ھەمدە ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەندە چۈشۈپ قالمايدىغانلىقى بۇ ئۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر «نىڭ» قوشۇمچىسى بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرمىسە، قىسقارتىلىدۇ. «نى» قوشۇمچىسى ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئوبيېكتى ئۆزئارا زىچ بىرىكىپ كەتكەندە چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، «يەر تېرىش»، «خەت يېزىش» قاتارلىقلار.

4. تىل تەپەككۇرنى ئىخچام ئىپادىلىگەندىن سىرت، يەنە تىل بىرلىكى بولغان سۆز بىرىكمىلىرىنىمۇ ئىخچاملاپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن:

ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)، ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) ۋە باشقىلار. بۇ خىل ئىخچاملاش بىر خىل شەرتلىك ئىخچاملاش (بۇ ھەقتە ئىملا قائىدىسىدە تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر بولغاچقا، قايتا توختىلىپ ئولتۇرمايمىز).

5. بىر قاتار سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن ئۇقۇملىرى ئوخشاش بولمىغان ئەمما ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنىڭ سانى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىلغاندىن كېيىن، شۇ سۆزلەرنىڭ سانى شۇ سۆزلەرگە ۋەكىل قىلىپ ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئوخشاش بولغان سۆز سانغا قوشۇپ ئىپادە قىلىنىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان سۆزلەر قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» (يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش)، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» (ئەخلاقتا ياخشى ئوقۇغۇچى، ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچى، سالامەتلىكتە ياخشى ئوقۇغۇچى) ۋە باشقىلار. بۇ خىل ئىخچاملاشمۇ بىر خىل شەرتلىك ئىخچاملاش.

## جۈملىلەرمۇ ھۆكۈم ۋە خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئىخچام ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ

1. دىئالوگلاردا سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، دىئالوگ بولۇۋاتقان شارائىت ۋە پىكىر ئوبيېكتى ئېنىق بولغاندا، سۆزلىگۈچى ياكى ئاڭلىغۇچىغا ئېنىق بولغان ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر جۈملە تەركىبىدە قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن:

A: ئوقۇۋاتقىنىڭىز نېمە كىتاب؟

B: لوگىكا.

يۇقىرىدىكى دىئالوگدا B نىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى A ئېنىق كۆرگەن، ئەمما كىتابنىڭ نېمە كىتاب ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا B دەرھال «ئوقۇۋاتقىنىم لوگىكا كىتاب» دېيىشنىڭ ئورنىغا «لوگىكا» دەپلا جاۋاب بەرگەن. ئەگەر بۇ خىل تىل شارائىتى بولمىغاندا، «لوگىكا» دېگەن بۇ سۆز ئۆزىنىڭ ئالاقە جەريانىدىكى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولاتتى. يەنە مەسىلەن، «مەن ئىشقا بارىمەن، سىز چۇ؟» دېگەن جۈملىمۇ دىئالوگ

جەريانىدىكى جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىدە «چۈ» ئۈلانمىسى ئارقىلىق «سىزمۇ ئىشقا بارامسىز؟» دېگەن جۈملە تەركىبىدىكى «ئىشقا بېرىش» دېگەن سۆز قىسقارتىلغان.

2. بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ تەركىبىدىكى تارماق ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى ياكى ھۆكۈملىگۈچىسى ئەينى بىر ئۇقۇم بولغاندا، مۇنداق ئەينى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر جۈملە تەركىبىدە قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن:

«بۇ مالنىڭ سۈپىتى ياخشى، بۇ مالنىڭ باھاسى ئەرزان» دېگەن بۇ ھۆكۈم ئەسلىدە بىر بىرلەشمە ھۆكۈم بولۇپ، تىلدا بۇ ھۆكۈمنى ئەينەن ئىپادىلىگەندە، ئەلۋەتتە تەڭداش قوشما جۈملە بولىدۇ. ئەمما نۇتۇقتا بۇ جۈملە ھەم ئۇزۇن، ھەم تېتىقسىز بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ ھۆكۈم تىلدا ئىپادىلەنگەندە، ئوخشاش بولغان ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ بىرى قىسقارتىلىپ «بۇ مالنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان» دېگەن جۈملە ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

تاللانما ھۆكۈمنىڭ تاللانمىلىرىنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى ياكى ھۆكۈملىگۈچىسى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدىمۇ يۇقىرىدىكى ئىخچاملاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «بۇ يەردە نە ماتارىيپ، نە مەدەنىيەت، نە خەلقچىللىقنىڭ قىلچە ئەسىرى يوق ئىكەن».* بۇ جۈملە «بۇ يەردە نە ماتارىيپتىن قىلچە ئەسەر يوق، نە مەدەنىيەتتىن قىلچە ئەسەر يوق، نە خەلقچىللىقتىن قىلچە ئەسەر يوق» دېگەن تاللانما ھۆكۈمنى قىسقارتىشتىن كېلىپ چىققان.

3. قوشما ھۆكۈملەر تەركىبىدىكى تارماق ھۆكۈملەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. قوشما ھۆكۈمنىڭ باغلىغۇچىسى قوشما ھۆكۈمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. ئەمما بەزى قوشما ھۆكۈملەر تىلدا ئىپادىلەنگەندە، كۆپىنچە باغلىغۇچى سۆزلەر ئىخچاملىنىدۇ. مەسىلەن، «(ئەگەر) كىمكى مەغرۇرلانسا، (ئۇ ھالدا) شۇ كىشى ئارقىدا قالىدۇ» دېگەن ھۆكۈم يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم بولۇپ، ئۇنىڭ «ئەگەر ... -سا//-سە، ئۇ ھالدا ... » دېگەن باغلىغۇچىلىرى قىسقارتىلىپ، «كىمكى مەغرۇرلانسا، شۇ ئارقىدا قالىدۇ» دەپ قىسقارتىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەرت رايىنىڭ قوشۇمچىسى «-سا//-سە» نىڭ ئۆزى شەرتنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بولغاچقا، باغلىغۇچى سۆزلەر كۆپ ھاللاردا ئارتۇقچە نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. پەقەت تاللانما ھۆكۈمنىڭ باغلىغۇچىسى— «ياكى» نى قىسقارتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل باغلىغۇچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىگە تەڭداش بولغان مورفولوگىيىلىك شەكلى يوق.

4. خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەردە ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەستىق باغلىغۇچى ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈنلەي ئىخچاملىنىپ، پەقەت ئىنتوناتسىيە ئارقىلىقلا ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «تىل — ئىجتىمائىي ھادىسە» بۇ جۈملىدە «بولسا»، «دېگىنىمىز» قاتارلىق باغلىغۇچى سۆزلەر قىسقارتىلغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل ئىخچاملاش خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ كەسمە ھۆكۈملۈك خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

5. خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى تۈردەش ئۇقۇم بولۇپ، تۈردەش ئۇقۇملۇق خاراكتېرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندە، بىرىنچىدىن، ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ ھەجمىنى

ئىپادىلەيدىغان «بارلىق، ھەممە» قاتارلىق ئومۇمىي مىقدار ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر، ئىككىنچىدىن، تۈردەش ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «-لار//-لەر» قاتارلىق كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن، «تېلېۋىزور — تەشۋىقات قورالى» دېگەن ھۆكۈم ئومۇمىي تەستىق ھۆكۈم بولۇپ، ئۇنىڭ «تېلېۋىزور» دېگەن ھۆكۈملەنگۈچىسى تۈردەش ئۇقۇملۇق خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئورنىدا تۇرغاچقا، «بارلىق تېلېۋىزورلار — تەشۋىقات قورالى» دېگەن ھۆكۈمنىڭ «بارلىق ... لار» دېگەن بۆلىكى قىسقارتىلغان.

6. ئىككى ئوبيېكتنىڭ ئوخشاش بەلگىلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ ئۆزئارا تەڭلەشتۈرۈلگەندە، سېلىشتۇرۇلغۇچى ياكى سېلىشتۇرىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشاش بەلگىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆز قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەركىننىڭ سەۋىيىسى ئەخمەتنىڭكىدىن يۇقىرى. بۇ جۈملە ئەسلىدە «ئەركىننىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئەخمەتنىڭ سەۋىيىسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئەركىننىڭ سەۋىيىسى ئەخمەتنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى» دېگەن ھۆكۈمنى ئىخچاملاشتىن ھاسىل بولغان جۈملە، بۇ جۈملىدە سېلىشتۇرۇلغۇچى ئوبيېكتنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەيدىغان «سەۋىيە» دېگەن سۆز قىسقارتىلغان.

بۇ خىل ئىخچاملاش ئوخشىتىشلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بۇ يەرنىڭ تۆت پەسلى باھاردەك ئىللىق.

بۇ جۈملە «باھار قانداق ئىللىق بولسا، بۇ يەرنىڭ تۆت پەسلىمۇ خۇددى شۇنداق ئىللىق» دېگەن ھۆكۈمنى قىسقارتىشتىن كېلىپ چىققان.

7. ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر جۈملە تەركىبىدە قاتار كەلگەندە، جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇنداق شارائىتتا، تەڭداش بۆلەكلەرنى باغلايدىغان باغلىغۇچىلاردىن بىر قانچىسى ئىخچاملىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىل سۆزلەر ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باغلىغۇچى قويۇپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. مەسىلەن، «مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملە — تىل بىرلىكلىرى» دېگەن جۈملىدە «مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى» دېگەن ئۇقۇملار ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەجىملىرى ھامان ئۆزئارا چەتكە قېقىشىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماسلىق مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا، باغلىغۇچى ئىشلىتىلمىگەندە ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال ئۇچرىمايدۇ.

8. ئالاقە جەريانىدا پىكىر مۇجمەل بولۇپ، نېمە دەپ بايان قىلىش ئېنىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ياكى پىكىر ئېنىق بولسىمۇ، بىراق شۇ پىكىرنى ئاۋازلىق تىل بىلەن ئاشكارا بايان قىلىش زۆرۈر بولمىغاندا، سۆز ياكى جۈملىلەر ئىخچاملىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) «ئەستاغپۇرۇللا، ئاخۇنلۇقۇمنى دېمىسەم ... دەپ خەنجەرنى يەرگە تاشلىدى ھاجى سەدەنشا ئاخۇنۇمغا قاراپ.»*

(2) «ھاجىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق - قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى ۋە قارشىسىدا تۇرغان قارا ساقاللىق ئوتتۇنچىنى كۆزىدىن تونۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا: ‹مەن سېنى تونۇۋاتىمەنغۇ، سەن ...› دەپ تاشلىدى.»*

(3) ئات ئايلىغانغا، يول سارىغانغا.

يۇقىرىدىكى (1) مىسالدا، دېمەكچى بولغان پىكىر ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن «جېنىنى

ئېلىپ قولىغا بېرەتتىم» دېگەن تارماق ھۆكۈمنى ئىپادىلەش زۆرۈر بولمىغاچقا، بۇ ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان تارماق جۈملە قىسقارتىلغان؛ (2) مىسالدا، «سەن» نىڭ ئىسمىنى ئەسكە ئالالمىغان، ئالالىغان تەغدىردىمۇ دەل شۇ كىشى ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىغان بولغاچقا، «سەن» نىڭ ئىسمى قىسقارتىلغان؛ (3) مىسالدا، جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى ئاڭلىغۇچىلارغا ئايان بولغاچقا، قىسقارتىلغان. خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە بۇ خىل ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدۇ.

9. لوگىكىلىق بۆلۈشنىڭ مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئىخچاملاشنىڭ يەنە بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. بۆلۈش جەريانىدا بەزى تۈرلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبيېكتلار كۆپ بولغاچقا، بۇ ئوبيېكتلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. ساناپ بېرىش مۇمكىن بولغان تەغدىردىمۇ، مۇئەييەن كونتېكىستتا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. مۇنداق ئەھۋالدا، «قاتارلىق» سۆزى ئارقىلىق سانالمايدىغان ئوبيېكتلار قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن، «قەشقەردىكى ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق كىشىلەر بىر نېمىلەرنى قىلىپ مەكتەپ ئاچسا، بىزنىڭ ھۆكۈمەت ئۇلارغا نېمە بۆھتانلارنى چاپلىمىدى»* بۇ مىسالدا «قاتارلىق» سۆزى ئارقىلىق بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئىسمى قىسقارتىلغان. بۇ خىل قىسقارتىش لوگىكىلىق ئىخچاملاش ھېسابلىنىدۇ.

10. ئالماش ۋە ئالماش خاراكتېرىنى ئالغان سۆزلەرنىڭ ئىخچاملاش رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك. بۇ خىل سۆزلەر ئارقىلىق سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەرنى ئىخچاملاپ بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، بولمىسا كېتىپ قالاتتىم.

(2) «ئۆتكەنگە پۇشايمان، بۇگۈنگە قانائەتلەنمەسلىك، ئەتىگە ئۈمىد — بۇ ئىنسان ھاياتىغا دائىم ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل مەنتىقىي فورمۇلا.»*

(1) مىسالدا، «بولمىسا» سۆزى ئالماش خاراكتېرىگە ئىگە سۆز بولۇپ، بۇ سۆز «دەل ۋاقتىدا كەلمىگەن بولسىڭىز» دېگەن تارماق جۈملىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ، بۇ جۈملىنى ئىخچاملاش رولىنى ئوينىغان؛ (2) مىسالدا، «بۇ» ئالمىشىنىڭ «ئۆتكەنگە پۇشايمان، بۇگۈنگە قانائەتلەنمەسلىك، ئەتىگە ئۈمىد» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئىخچاملاپ ئىپادە قىلغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ خىل ئىخچاملاش سۆز خاراكتېرى ھازىرلىغان ئىخچاملاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۈملە ھۆكۈمنى ئىخچام ئىپادىلەپلا قالماي، يەنە خۇلاسە شەكىللىرىنىمۇ ئىخچام ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. لوگىكا ھۆكۈم ۋە خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرىنى تەبىئىي تىلنىڭ ئىخچاملانمىغان مۇنتىزىم ھالىتىدە تۇراقلاشتۇرۇپ، بۇ خىل شەكىللەرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەپەككۇرنىڭ بۇ خىل لوگىكىلىق شەكىللىرى تىلنىڭ ئىخچاملاش رولىنى بايقاشتا نىزاملىق رول ئوينايدۇ.

1. ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە كونتېكىستتا ئىشلىتىلگەندە، چوڭ ئاساس، كىچىك ئاساس ياكى يەكۈندىن بىرى ئېنىق بولغاندا، بۇ ئېنىق بولغان قىسمى قىسقارتىلىدۇ، كونتېكىستتا تەكىتلىنىدىغان قىسمى قىسقارتىلمايدۇ. شۇڭا، ئادەتتە كونتېكىستتا ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ

قىسقارتىلغان شەكلى كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «ھەر قانداق ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالى بولالمايدۇ. سىزمۇ شۇنداق» دېگەن بۇ جۈملە «ھەر قانداق ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالى بولالمايدۇ، سىزمۇ ئادەم، دېمەك، سىزمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالى بولالمايسىز». دېگەن ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ «سىزمۇ ئادەم» دېگەن كىچىك ئاساسىنى قىسقارتىشتىن ھاسىل بولغان.

2. شەرتلىك خۇلاسە — شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت بۆلىكى بىلەن نەتىجە بۆلىكى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلىك مۇناسىۋەتكە ئاساسەن يەكۈن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان خۇلاسە. مۇئەييەن كونتېكستتا شەرتلىك مۇناسىۋەت ئېنىق بولغاندا، ئاساس ۋە يەكۈننىڭ بىر قىسمى قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن، «بارمايلى، يامغۇر يېغىپ قالىدى» دېگەن بۇ جۈملە «يامغۇر ياغسا، بارىدىغان جايغا بارمايمىز، ھازىر يامغۇر ياغدى، شۇڭا بارىدىغان جايغا بارمايلى» دېگەن شەرتلىك خۇلاسىنىڭ ئاساسىنى ھەمدە يەكۈننىڭ بىر قىسمىنى قىسقارتىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان.

خۇلاسىنى ئىخچام ئىپادىلىگەندە، جەزمەن خۇلاسە قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئىخچاملاشتا خۇلاسە قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنسا، لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىلدا ئىخچاملاش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر ھادىسە، چۈنكى كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا قىسقا ۋە ئىخچام تىل شەكىللىرى ئارقىلىق مول ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئىخچاملاشتا كونتېكست ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. كونتېكستتا ئىخچاملاش شەرت – شارائىتى ھازىرلانمىسا، ئىخچاملاشقا بولمايدۇ. ئىخچاملاش شەرتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. سۆز ۋە جۈملىلەر كونتېكستتا كونكرېت تەپەككۇر شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرگە دائىر قائىدە – قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا ئىخچاملىنىدۇ.

2. ئەينى بىر ئۇقۇم، ئەينى بىر ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان ئوخشاش سۆز ياكى جۈملىلەر ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى تىل شەكلىدە قاتار كېلىشكە توغرا كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىخچاملىنىدۇ.

3. سۆزلەر ئالماش بولسا ياكى ئالماش خاراكتېرىگە ئىگە بولسا، بىر قىسىم سۆز ياكى جۈملىلەر ئىخچاملىنىدۇ.

4. نۇتۇق جەريانىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر تىلنىڭ تېجەشلىك پرىنسىپى بويىچە سۆزنىڭ بىر قىسمى شەرتلىك ئىخچاملىنىدۇ.

ئىخچاملاش — تىلنىڭ ئۆزىدە ھازىرلانغان بىر خىل خاراكتېر، نۇتۇق جەريانىدا يۈز بېرىدىغان ھادىسە. سۆزلىگۈچى ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. ئۇ تىلنىڭ ئىخچاملاش پرىنسىپىنىڭ بىر خىل ئەمەلىيلىشىشى ۋە كونكرېتلىشىشى. ئىخچاملاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، تىل ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇقتا قىسقىرىش ھادىسىسى توغرىسىدا

**تاشپولات ئەبەيدۇللا**

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا بىر قىسىم سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، بەزى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ قىسقىرىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا بىر قىسىم سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، سۆز تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ قىسقىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە تىلدا تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇقتا قىسقىرىشى ئادەتتە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاجىزلىشىش نەتىجىسىدە بوغۇم تەركىبىدىكى بەزى تاۋۇشلار قىسقىرىدۇ ھەتتا بەزىدە پۈتۈن بوغۇم قىسقىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

bolup + boldi = bopboldi

elip + ketti = epketti

qelip + qaldi = qepqaldi

selip + qojdi = sepqojdi

kelip + tʃiqti = keptʃiqti

تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

بۇ يەردە بىز پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ نۇتۇقتا قىسقىرىشى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى ئۇرغۇلۇق ئۇقۇلمايدىغان بوغۇملاردا كۆرۈلىدىغان بىر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھادىسىسى بولۇپ، بۇنداق ئۆزگىرىش ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم بولمايدىغان تىللاردا بوغۇمنىڭ قىسقىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى بوغۇم بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى، بوغۇم ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى ۋە بوغۇم ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىدا قىسقىرىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

### 1. بوغۇم بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى

بوغۇم بېشىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوقۇلماسلىقىدىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن بوغۇم ئوچۇق بوغۇم بولغانلىقتىن، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئۇلىنىپ كەلگەندە بىر سوزۇق تاۋۇش قىسقىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

مەسىلەن:

bala + ikɛn = balikɛn

kɛlsɛ + idi = kɛlsidi

qɛlimi + imiʃ = qɛlimimiʃ

ʃumu + idi = ʃumidi

ʃumu + ikɛn = ʃumikɛn

u + imiʃ = umiʃ

kitap + ikɛn = kitapkɛn

jaz + imiʃ = jazmiʃ

joʁan + imiʃ = joʁanmiʃ

### 2. بوغۇم ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى

بوغۇم ئوتتۇرىسىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ئۇرغۇنىڭ ئۇلىنىپ كەلگەن سوزۇق تاۋۇشقا كۆچۈپ كېتىشىدىن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

مەسىلەن:

mɛʁiz + i = mɛʁzi

gezit + iŋ = geztiŋ

aχir + i = aχri

boʁun + iŋ = boʁnuŋ

pijaz+i=pijzi

taʁar+i=taʁri

بوغۇم ئۇتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىش ھادىسىسى ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشلار- نىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ.

مەسىلەن:

1) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش بىلەن ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىدىكى تاۋۇش سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قىسقىرىش دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

مەسىلەن:

aʁız=ım=aʁzım

boʁuz+i=boʁzı

pijız+i=pijzı

taʁar+iŋ=taʁrıŋ

qovuz+i=qovzi

qujaɬ+i=qujɬi

seʁıʃ+i=seʁʃi

tavuz+um=tavzum

2) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش سىيرىلاڭغۇ، ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىدىكى تاۋۇش دىماغ ياكى قوۋۇز تاۋۇشى بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قىسقىرىش دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

مەسىلەن:

oʁul+i=oʁli

usul+um=uslum

qojul+uʃ=qojluʃ

bojun+um=bojnum

jeʃil+i=jeʃli

kıjın+iʃ=kıjnıʃ

zıjan+i=zıjni

bojal+uʃ=bojluʃ

rajun+um=rajnum

søjyn+yʃ=søjnyʃ

3) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش تەكرار تىترىگۈچى، ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىدىكى تاۋۇش پارتلىغۇچى تاۋۇش بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قىسقىرىش دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

مەسىلەن:

tɛrɛp+i=tɛrpı

ʃɛrɛp+i=ʃɛrpi

haraq+i=harqi

burut+i=burtı

børɛk+i=børkı

orɛk+i=orki

soraq+i=sorqi

qurut+uʃ=qurtuʃ

purat+uʃ=purtuʃ

4) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش سىيرىلغۇچى، ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىدىكى تاۋۇش پارتلىغۇچى تاۋۇش بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىش دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ.

مەسىلەن:

ɛjıp+i=ɛjpı

ozuq+i=ozqi

eziq+i=ezqi

aʃıq+i=aʃqi

yʃyk+i=yʃkı

tajaq+i=tajqı

bojaq+i=bojqı

tuvaq+i=tuvqi

savaq+i=savqı

bovaq+i=bovqi

qojuq+i=qojqi

sujuq+i=sujqı

٥) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش پارتىلىغۇچى، دىتاغ، ياكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىش دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ.

مەسىلەن:

dʒɪgɛr+i=dʒɪgri

xemɪr+i=xemrɪ

ϕmyr+ym=ϕmrym

beʁɪr+im=baʁrɪm

ṫaʁar+i=ṫaʁri

xamar+i=xamrɪ

٦) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇم بېشىدىكى تاۋۇش پارتىلىغۇچى، ئىككىنچى بوغۇم ئاخىرىكى تاۋۇشمۇ پارتىلىغۇچى تاۋۇش بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قىسقارمايدۇ.

مەسىلەن:

aṫaq+ı=aṫiqı

peṫɛk+i=peṫikı

kaṫɛk+i=kaṫıkı

oqɐt+i=oqıtı

٧) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق بوغۇم بولسا، سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلسىمۇ، ئىككىنچى بوغۇمدىكى ئۇزۇلۇك تاۋۇشنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش قىسقارمايدۇ.

مەسىلەن:

pɐṫiva+si=pɐṫiva·sı

ɐsvab+i=ɐsva·bi

ṫıraʒ+i=ṫıra·ʒi

bala+si=bala·sı

ṫala+si=ṫala·sı

## ٣. بوغۇم ئاخىرىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى

بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ئۇرغۇ ئۇلىنىپ كەلگەن تاۋۇشقا كۆچۈپ كېتىشتىن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

بوغۇم ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىش ھادىسىسى ئاساسەن قىسقىرىدىغان

# دەرسخانىدا سۆز مەنىسىنى قانداق شەرھلەش مەسىلىسى ھەققىدە

تۇرسۇنقىز ياسىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى ئوقۇيدىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى ئۆتۈشكە ئائىت بىر قىسىم ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سۆز — تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان، جۈملە تۈزگەندە، ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى. ئۇ تىل بىرلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سۆز بولمىسا تىلمۇ بولمايدۇ. سۆز ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، سۆز مۇئەييەن فونېتىكىلىق قۇرۇلما، مەلۇم

بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىللە كەلگەندىلا كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

hasa + si = hassı

ṫaza + la = ṫazla

ṗesɛ + si = ṗessı

qoza + si = qozsı

dɜva + si = dɜvsı

ṫoχu + si = ṫoχsı

يۇقىرىقى مىساللاردىكى تاۋۇشلارنىڭ قىسقىراش ئەھۋالىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىراش ھادىسىسى سۆزلەردىكى ئۇرغۇنىڭ كۆچۈشى سەۋەبلىك بولىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىگىمۇ باغلىق بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى قانداقتۇر ئايرىم سۆزلەردىلا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە يۈز بېرىدىغان نوتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسىدۇر.

ئۇرغۇ ياكى تونغا ئىگە. سۆز بوغۇم ياكى بوغۇملارنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، بوغۇم بىلەن بوغۇم بىرىككەندە، كۆپ ھاللاردا ئاۋۇش جەھەتتە ئاسسىمىلياتسىيە، دىسسىمىلياتسىيە ۋە باشقا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، سۆز چوقۇم مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ مەنە ئەمەلىيەتتە سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى، يەنى ئوبيېكت، خۇسۇسىيەت، خاراكتېر، ھەرىكەت ۋە مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئانا تىلدىن پۈتۈنلەي بىر خىل تىلنى ئۆگىنىشتە مەلۇم مىقداردىكى سۆزلەرنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، باشقا تىلنى ئۆگىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، تىل ئۆگىنىشنىڭ ئالدىنقى بىر شەرتى كۆپلىگەن سۆزلەرنى توغرا ۋە ئېنىق ئىگىلەشتۇر. بۇ شەرت ھازىرلانمىغاندا، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش، تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدە، تىل ئوقۇتۇشىدا، سۆز ئوقۇتۇشى ناھايىتى مۇھىم ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۆزلۈكلەر دەرسىنى ئۆتۈش جەريانىدا، بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم.

مەكتىپىمىزدە جۈملىدىن فاكۇلتېتىمىزدا، ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار. ئۇنىڭدىن قالسا، ئاز ساندىكى كىچىكىدىن تارتىپ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان مىللىي ئوقۇغۇچىلاردۇر. ئۇيغۇر تىلىدىن قىلچە ئاساسى بولمىغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش ئىنتايىن تەس بىر ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئوخشاش ئەمەس. ئالايلۇق، ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولا چاغلاردا سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بولسا، مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش يوق دېيەرلىك. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا جۈملىدىن كىچىكىدىن خەنزۇچىدە ئوقۇغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆتۈشتە، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەزى مەسىلىلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئىزدىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەن كىشى شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇكى، دەرسلىكتىكى ھەربىر دەرستە ئۆگىتىلىدىغان يېڭى سۆزلەر نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا، ئادەتتىكى سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى قايتا - قايتا ئوقۇپ، پىششىق ئىگىلىۋالسىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما بەزى مۇھىم، نۇقتىلىق سۆزلەرنى كۆپ جەھەتلەردىن قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە مۇھىم، نۇقتىلىق سۆزلەر دېگەندە، ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

### بىرىنچى، مەنىداش سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلى مەنىداش سۆزلەرگە باي تىللارنىڭ بىرى. تىلشۇناسلىق تەلىماتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تىلدا مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىر تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مەنىداش سۆزلەر تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇقۇمدا ئىپادىلەنگەن شەيئىنى ئوخشىمىغان نۇقتا، ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن

تولۇق، جانلىق، ھېسسىياتلىق، راۋان، چوڭقۇر ئىپادىلەش ئۈچۈن شارائىت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر تىلىمىز لۇغەت تەركىبىدىكى مەنىلىرى ئوخشاش بولمىغان ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان، لېكىن فونېتىكىلىق شەكلى ھەم قوللىنىلىشى بەك ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزلەردۇر. مەنىداش سۆزلەرنىڭ «مەنىداشلىقى» دېگەندە ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشاپراق كېتىدۇ دېگەندە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر پەرق بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ پەرق، بىرى، مەنىداش سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىلىرى (ئوبرازلىق تۈس، ھېسسىي تۈس، ژانىر تۈسى) نىڭ ئوخشىماسلىقىدا، يەنە بىرى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۆلمەك، قۇربان بولماق، ۋاپات بولماق، قازا قىلماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، تۈگىمەك» قاتارلىق سۆزلەرنى ئالساق، بۇلارنىڭ ئومۇم مەنىسى (لېكسىكىلىق مەنىسى) ئوخشاش بولۇپ، «ھاياتلىق ئاياغلاشتى» دېگەن ئورتاق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ ئورتاقلىق ئۇلارنى «مەنىداش» قىلىپ قويغان. لېكىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىسى بىلەن قوللىنىلىش دائىرىسى قاتتىق پەرقلىنىدۇ. مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى «ئوخشاپراق كېتىدۇ» دېگەن گەپنىڭ يادروسى مانا مۇشۇ يەردە. ئالايلۇق، «ئۆلمەك» سۆزىنى ھەم ئادەمگە، ھەم ھايۋانلارغا قارىتىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇ سۆزگە مەنىداش بولۇپ كەلگەن «ۋاپات بولماق» (ئۇلۇغ شەخسلەرگە قارىتىلىدۇ)، «ئالەمدىن ئۆتمەك» (چوڭقۇر ھېسداشلىق بار)، «قازا قىلماق» (تۇيۇقسىز ياكى قارارسىز، تەسادىپىي ئۆلگەنلەرگە قارىتىلىدۇ)، «تۈگىمەك» (ئېچىنىش)، (ھېسداشلىق بار) قاتارلىق سۆزلەر پەقەت ئادەملەرگىلا قارىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. «ئاسمان، كۆك، ئەرش» قاتارلىق سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، بۇلار «ئاسمان» سۆزىنى يادرو قىلغان، بۇلاردىن «ئاسمان» سۆزى جانلىق تىلدا، «ئەرش» سۆزى يېزىق تىلىدا، «كۆك» سۆزى ئوبرازلىق تۈس مەنىسى بىلەن ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەنىداش سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، «پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم» سۆزلىرىنى «مەيدان» سۆزى بىلەن بىرىكتۈرگەندە، «مەيدانى چىڭ»، «مەيدانى مۇستەھكەم» دەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇكى، «مەيدانى پۇختا» دەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

تىلىمىزدا بەزى مەنىداش سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، قەھرىمان جەڭچى، باتۇر جەڭچى، قەيسەر جەڭچى؛ چاپسان ماڭ، تېز ماڭ، ئىلدام ماڭ؛ چىرايلىق قىز، گۈزەل قىز، دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەمما مەنىداش سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئالماشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئايال دوختۇر» دېيىشكە بولىدۇكى، «خوتۇن دوختۇر» دېيىشكە بولمايدۇ. «ئانا ۋەتەن» دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاپا ۋەتەن» دېيىشكە بولمايدۇ ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن، مەنىداش سۆزلەردىن توغرا پايدىلىنىلسا، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىنچىكە

پەرقلەر توغرا ئىگىلىنىە، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. خەلقىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆزلەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن، نۇقتىلىق جايلارنى، مۇھىم، ئىنچىكە پەرقلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن كۆپرەك ئەمەلىي مەشىقلەرنى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى ئەمەلىي قوللىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

## ئىككىنچى، ئاھاڭداش سۆزلەر

مەلۇم تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى تەلەپپۇزى ۋە فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشاش، لېكىن مەنىلىرى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكسىكىلىق مەنىلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: «شال» سۆزى ئۈچ خىل مۇستەقىل مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى تۆۋەندىكى كونتېكستلاردا روشەن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن، (1) شال تېرىماق (2) شال تىلىماق (3) تىۋىت شال. «شال» سۆزى مىسال (1) دە، «زىرائەتنىڭ بىر تۈرى» مەنىسىدە، مىسال (2) دە، «تاختاي» مەنىسىدە، مىسال (3) دە «ياغلىق» مەنىسىدە كەلگەن. «تاماق ئەتمەك» «تاماق قورۇماق» دېگەن ئىككى بىرىكمىدە «تاماق» مىسال (1) دە، «تائام، غىزا، ئاش»، مىسال (2) دە «كاناي، بوغۇز، گال» مەنىسىدە كەلگەن.

ئاھاڭداش سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق، گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تۈرلۈك سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، يۈز (ئىسىم — چىراي)، يۈز (سان)؛ ئۈچ (ئىسىم — نەرسىنىڭ ئۇچى)، ئۈچ (پېئىل — ئۇچماق)؛ سىز (ئالماش)، سىز ئۆيگە كىردىڭ، سىز (پېئىل)، سىزدىق سىزىدىڭ ۋە باشقىلار.

ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقتا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك؛ ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشتە، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنى كونتېكست ئىچىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئەگەر مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولسا، كۆپ مەنىلىك سۆز، باغلىنىش بولمىسا، ئاھاڭداش سۆز ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يولداش» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇنى كونكرېت كونتېكست ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆز ياكى ئاھاڭداش سۆز ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا، ئەمەلىي چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مەزكۇر سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆچمە مەنىسىنى تېپىش كېرەك. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «يول» بىلەن «داش» سۆزلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان «بىر يولدا ماڭغۇچىلار» ياكى «سەپەردە بىللە بولغۇچىلار» بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئوبرازلىق ھالدا تۇرمۇش مۇساپىسىدە بىللە بولغۇچى

«ئەر - ئايال» مەنىسىدە ۋە ئورتاق غايە مۇساپىسىدە بىللە بولغۇچىلار (يولداشلار، ئالغا ئىلگىرىلەيلى!) مەنىسىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مانا بۇلار «يولداش» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىدۇر. دېمەك لەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەندە، ھەم ئەسلى مەنىگە ئىگە، ھەم كۆچمە مەنىگە ئىگە سۆز كۆپ مەنىلىك سۆز بولىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ئاھاڭداش سۆزدە بولمايدۇ. «ئات» (1) (ئىسىم، نام)؛ (2) بىر خىل ھايۋان؛ (3) بىرەر نەرسىنى يىراققا تاشلىماق. بىر «ئات» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق، باغلىنىشلىق يوق. شۇڭا، بۇ سۆز ۋە مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە ئەسلى مەنە ۋە كۆچمە مەنە بولمايدۇ. شۇڭا بۇلار تەبىئىي ھالدا ئاھاڭداش سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ئاھاڭداش سۆز بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ مۇشۇنداق چەك - چېگرىسىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە مىساللار ئارقىلىق قايتا قايتا چۈشەندۈرگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ پەرقىنى شۇ تىلنىڭ تىل پاكىتىدىن مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، ئەمەلىي ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

### ئۈچىنچى، قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر

ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت تىلىمىزدىكى قارىمۇ قارشى سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى. دېمەك، بىر شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى تەرىپىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرگە باي تىل بولۇپ، بۇنداق سۆزلەر لۇغەت تەركىبىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن تىلىمىزدىكى ھەممە سۆزنىڭ قارىمۇ قارشى مەنىسى بولۇۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، قەلەم، دەپتەر، سىياھ، چىراق، شىلىم ... ۋەھاكازالار. زادى قانداق سۆزلەر قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز بولىدۇ؟ بىز قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، جانلىق قوللىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

(1) قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر مەنە جەھەتتىن جەزمەن بىر ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئاق - قارا، ئوچۇق - سۇس (رەڭ كاتېگورىيىسى).

(2) قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر خاراكتېر جەھەتتىن ئورتاق بىر سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، مەسىلەن، يېڭى - كونا (سۈپەت)، ئىلگىرىلەش - چېكىنىش (پېئىل).

(3) تۈس مەنىسى جەھەتتىن بىردەك بولۇشى يەنى ئىشلىتىلىشى توغرا بولۇشى لازىم. مەسىلەن، «ئېگىز» سۆزىنىڭ قارشى مەنىسى «پەس، پاكار»، ئادەملەرنى سۈپەتلىگەندە، «پاكار» سۆزىنى ئىشلىتىپ، «پاكار ئادەم» دېيىشكە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ

www.uyghurkitap.com

«پەس» سۆزىنى ئىشلىتىپ، «پەس ئادەم» دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق دېيىلسە، سۆزنىڭ مەنىسى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئىمارەت، تاغ ۋە يەرلەرنى سۈپەتلىگەندە، «پەس» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «پەس يەر» دېيىشكىلا بولىدۇكى، «پاكار يەر» دەپ، «پاكار» سۆزىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

(4) بىر سۆزنىڭ قارىمۇ قارشى مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ھەجمى بىلەن باراۋەر بولۇشى، تەلەپپۇز قىلىنىشتا ئوڭاي بولۇشى لازىم. بىر تەرىپى ئۇزۇن، بىر تەرىپى قىسقا بولۇپ قالسا، ياكى بىر تەرىپى بىرىكمە، بىر تەرىپى جۈملە بولۇپ قالسا بولمايدۇ. مەسىلەن، «تۇزلۇق» سۆزىنىڭ قارشى مەنىسى «تۇزلۇق ئەمەس» بولماستىن، «تۇزسىز» بولۇشى كېرەك. «تەملىك» سۆزىنىڭمۇ قارشى مەنىسى «تەمسىز» بولۇشى كېرەك.

(5) بىر تەرىپى تۈپ سۆز، بىر تەرىپى ياسالما سۆز بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، «كۆپ ـ ئاز»، «كۆپرەك ـ ئازراق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەجمىلىرى تەڭ. ئەمدى بىز ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپلا «كۆپ ـ ئازراق»، «كۆپرەك ـ ئاز» دەپ ئىشلەتسەك بولمايدۇ.

دېمەك بىز ئوقۇتۇشتا بۇ بەش نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەپسىلىي چۈشەندۈرسەكلا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىغا ئاساس تىكلەپ بېرەلەيمىز.

## تۆتىنچى، تۇراقلىق ئىبارىلەر

قۇرۇلمىسى، مەنىسى تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۇراقلىق ئىبارىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار قۇرۇلما جەھەتتىن تۇراقلىق، مەنە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. تۇراقلىق ئىبارىلەر ئادەتتە ماقال، تەمسىل، ئىدىئوم، ئەقلىيە سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىنتايىن كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتۇشتا بۇ جەھەتكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى بىر تىلدىن ئىككىنچى بىر تىلغا سۆزمۇسۆز، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، مەسىلەن، «قولى ئەگرى» دېگەن بۇ ئىبارىنى خەنزۇ تىلىغا «手歪» دەپ تەرجىمە قىلماستىن، بەلكى «小偷小摸» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك، ئەمما، تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ بەزىلىرىنى مەنىسى ئوخشاش بولغان ئىككىنچى بىر تىلدىكى تۇراقلىق ئىبارە بىلەن تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «无风不起浪» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىنى «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك؛ «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمىنى ئالماق» دېگەنىنىمۇ خەنزۇچىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل «杀鸡取卵» دەپ تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ ۋەھاكازالار.

تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئورنىنى ئالماشتۇرۇلسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىرلىكى

بۇزۇلۇپ، ئۇي - پىكىر توغرا ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. مەسىلەن، «خەلپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دېگەننى «مۇئەللىم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەننى ئالماشتۇرۇپلا «سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە، ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا تۇراقلىق ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىشنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش لازىم.

سۆز مەنىسىنى شەرھلەش جەريانىدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

(1) سۆزلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشى ۋە سۆزنى ئوچۇق ھەم چىرايلىق يېزىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئىملانى توغرا يېزىشقا سەل قارالسا، ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشىغا بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىدا بولمىغان «غ، ق، ھ، ر» تاۋۇشلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، ئۆتۈلگەن يېڭى سۆزلەرنى قايتا - قايتا ئوقۇتۇپ، تاۋۇش تەلەپپۇزىنى توغرىلاش، شۇنداقلا سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يازدۇرۇش، ئىملا يازدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى خەتنى چىرايلىق، توغرا يېزىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىدا كۆرۈلگەن خاتا جۈملىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ ۋە ئۇلارنى رەتلەپ چىقىپ، ھەر قېتىملىق يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىش — بىر خىل ياخشى ئۇسۇل. چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بەزى سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، جۈملە تۈزگەندە شۇ بويىچە خاتا ئىشلىتىپ قويىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقتا كۆرۈلگەن خاتالىقلىرىنى تىپىك مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى تۈزىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

(3) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى چۈشەندۈرگەندە، مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرچە سۆزلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، دەرسخانىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۇيغۇرچە سۆزلىشى لازىم.

(4) ئەمەلىي مەشىقلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تىل دەرسى، بولۇپمۇ سۆزلۈكلەر، ماھىيەت جەھەتتىن، بىر خىل پراكتىكا خاراكتېرىدىكى دەرس بولۇپ، بۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشىنىلا سۆزلەش كۇپايە قىلمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ھەر خىل مەشىقلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى مۇستەھكەملىتىش ۋە پۇختا ئىگىلىتىش لازىم.

# قۇچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى توغرىسىدا

ئەھمەد يەھيا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە، قۇچۇنىڭ غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولغان تەرجىمە پائالىيىتى ئۈچۈن كەڭ ئىجتىمائىي زېمىن ھازىرلانغانلىقى ۋە بۇ زېمىن ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان كەسپىي تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقىپ، تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ راسا ئەۋج ئالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ IX ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا ساھەسىدە، جۈملىدىن مەدەنىيەت ساھەسىدە زور يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە بىر خىل يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە بولدى. بەزى تەتقىقاتچىلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغاندا «ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان بۇ رايون قەدىمكى زامانلاردىلا غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى ناھايىتى گۈللەنگەن رايون ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ، ئەنە شۇنداق گۈللەنگەن يېڭى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، غەربىي يۇرت تارىخىدا يېڭى بىر ۋەزىيەت پەيدا قىلدى... شۇنىڭدەك ئۇلار غەربىي يۇرتنىڭ بۇ زېمىنىدا ئەنە شۇنداق ھەر خىل مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، بىخلاندۇرۇپ، ئۆستۈرۈپ تېخىمۇ گۈللەندۈردى، شۇڭا بۇ جايدىكى بۇرۇنقى خىلمۇ - خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا سىڭىشىپ، بىللە تەرەققىي قىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئارىلاش ۋە يېڭى بىر مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەندى»① دەپ يازىدۇ. دېمەك، قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەت، رايونلارنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى. مۇشۇ دەۋرگە ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەر، ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر، دىنىي كىتابلار ۋە قېزىپ چىقىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىزگە قۇچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى يەنە يىپەك يولىنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلار پەيدىنپەي شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان رايونلارغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىمۇ شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى جۇغلىنىدىغان نۇقتا بولۇپ قالغانىدى. تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يەنى ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ھەمدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، زەردۇشت دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق بىرقانچە مەشھۇر دىنلار بۇ رايوندا ئۇچرىشىپ ۋە ئۆزئارا كىرەلىشىپ، بۇ رايوندىكى كىشىلەرنى خەنزۇ - تىبەت تىللىرى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە ئالتاي تىللىرى، خەنزۇ - تىللىرى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ كىرەلىشىشى بۇ جايدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى بولغان تەرجىمە پائالىيىتىگە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىر مۇنچە تەرجىمان، تىلشۇناسلار مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. قوچو ئۇيغۇرلىرى بۇ رايوندىكى ئەسلىدىكى مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، چەتئەل ۋە ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، بىرىكىش خاراكتېرىنى ئالغان ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى، بۇ مەدەنىيەت قوچو ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تارىخىدىلا شانلىق سەھىپە بولۇپ قالماستىن بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ شانلىق سەھىپە ئاچتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوچو ئىدىقۇت دەۋرىدە تىل - يېزىق بىرلىككە كېلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندىكى نوپۇزلۇق يېزىققا ئايلىنىشى، مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى تەرجىمە پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئۇچقۇشلۇق ماددىي شارائىت ۋە كەڭ سورۇن بىلەن تەمىنلىدى. «كېيىنكى يىللاردا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇرتۇق دېگەن يېرىدىكى بىر بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۈركۈم ئويما باسما ئەسەرلىرى تېپىلغان. بۇ پاكىتلار قوچو ئىدىقۇت دەۋرىدە باسما ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئەۋج ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.»② قوچو ئىدىقۇت دەۋرىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى ھەر خىل تىللاردىكى باسما بۇيۇملىرىنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە تاڭغۇتچە ئويما باسما ئەسەرلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. بۇ ئويما باسما ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يېزىقلار ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرچىدىن قالسا خەنزۇچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوغدى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، براخما يېزىقى ۋە يۇنان يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن باسما ھۆججەتلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، بۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت سىستېمىلىرى كىرەلىشىپ كەتكەن تۇرپان ئويمانلىقىدا ھەرخىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە كىرگۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەرجىمە ۋاسىتىسىدىن كەڭ دائىردە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ يەنە شۇنچىۋالا كۆپ تىللىق باسما ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غايەت زور بىر كەسپىي قوشۇننىڭ بارلىقىنى، بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە باسما تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەنلەردىن باشقا، يەنە ھەر خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان كەسپىي تەرجىمە خادىملىرىنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەينى چاغلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا بىرلا ۋاقىتتا تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، براخما يېزىقى، يۇنان يېزىقى ۋە توخار - كۆسەن يېزىقى (قارا شەھەر، كۇچا) قاتارلىق 16 خىل يېزىق قوللىنىلغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلىۋاتقان بۇ خىل نۇرغۇن يېزىقلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ھەر خىل تىل - يېزىقلارنى ئىگىلەش، چۈشىنىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك سېلىشتۇرۇش، تاللاش ئارقىلىق ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان سوغدى يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەيدىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان. شۇڭا بۇ دەۋردىكى تەرجىمە پائالىيىتى ئاساسەن مۇشۇ تىلنى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ تىل - يېزىقتا خاتىرىلەنگەن. ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يېزىق بۇددا كىتابلىرىنىلا تەرجىمە قىلىشقا قوللىنىلىپ قالماستىن، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىنى، توختامنامە، تىلاۋەتنامە، شېئىر - نەزمە، ھېكايىلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدىمۇ قوللىنىلغان. خان ئوردىسى ۋە خەلق ئىچىدە بۇ يېزىق يەنە ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، XIX ئەسىردىن بۇيان چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ئارخېئولوگلىرى مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى تاپتى. بۇ ھۆججەتلەر ھازىر دۇنيادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. بىر قىسمى ئېلىمىزدە ساقلانماقتا. بۇ ھۆججەتلەر ئىچىدە ئاساسەن بۇددا نوم سۇترالىرى، مانى - نېستورىيان پۈتۈكلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىبابەتچىلىك كىتابلىرى، ئابىدە - خاتىرىلەر، كالىندار، ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر ھەمدە كۆسەنچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈك، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك (ساقۇرت پۈتۈك) قاتارلىقلار بار. تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەرجىمىنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، تۈرىمۇ كۆپ بولغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچىلار كۆپ بولغاچقا، بۇ دەۋردە بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش يېڭى بىر پەللىگە ۋە سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. نەتىجىدە ئۇلار بۇ ساھەدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلىرى شىمالىي ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن. ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى بۇ جاينىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى تېزلا بىرلەشتۈرەلىگەن، چۈنكى تۇرپان ئويمانلىقىدا

ئۆزۈلدىن بۇيان پاشاپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. كۆچۈپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئورتاق مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ئىگە بولغان. تۇرپان ئويمانلىقى شۇ چاغلاردىلا غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ مۇھىم بۇددا مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. ياپونىيىلىك يۇي تېيەنخىڭ يازغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «ئادەتتە ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا نوملىرى ئىچىدە تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا تەرجىمە قىلىنغان نەرسىلەرنى چېكىتتۆرۈشقا بولىدۇ. بۇ نوملار ئىچىدە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بۇددىزمچى تۇركلەرنىڭ (ئۇلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بولۇشى مۇمكىن) تۈركچىگە تەرجىمە قىلغانلىرىمۇ بار. ئەمما قېزىۋېلىنغانلىرىدا ئايرىلىشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركچە بىلەن ئۇيغۇرچە ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، بۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ كېيىنچە ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان يېزىق بىلەن يېزىلغانلىرى كۆپرەك. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك «ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ زادىلا توغرا بولمىغان ئاتاشتۇر، ئەمەلىيەتتە، بۇددا نوملىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشتىن ئىلگىرى تىل ۋە يېزىق جەھەتتە ئۇيغۇرچىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان تۈركچە بۇددا نوملىرىنىڭ بارلىقى بىزگە مەلۇم»، «تۈركچە ئاتالغان نوملار ئومۇمەن ئۇيغۇرچە ئاتالغان نوملار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ تىل جەھەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەمما ئېنىق ئېيتقاندا، تۈركچە نوملار IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشتىن بۇرۇن شۇ يەردە ياشاۋاتقان تۈركلەرگە مەنسۇپ بولۇشى، ئۇيغۇرچە دەپ ئاتالماسلىقى كېرەك» دەپ بايان قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، بۇ جايدا خېلى بۇرۇنلا بۇددا نوملىرىنىڭ تۈركچە ياكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە غەربنىڭ سانسكرىتچە نوملىرىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان نوملار بولغان، شۇنداقلا توخار، كۆسەن، قەدىمكى خوتەن تىللىرىدىن، تاڭغۇت، خەنزۇ تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرىمۇ بولغان. ھەتتا جۇڭگودا يېزىلغان «ئاسمان ۋە زېمىندىكى سەككىز مۆجىزىكار تەڭرى سۇتراسى» (天地八阳神咒经) دېگەن ساختا نوممۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. تۈرك يېزىقى قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى بولۇپ، ئورخۇن تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئورتاق ئىشلىتىلگەن، شۇڭا يەنە «توققۇز ئوغۇز يېزىقى»، «ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى»، «كۆك تۈرك يېزىقى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالتمىش سېڭقۇ سەلى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدە بۇ يېزىقنى «تۈرك - ئۇيغۇر يېزىقى» دەپمۇ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتىدە ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

تارىختىكى بارلىق يېزىقلاردىن بىمالال ۋە ئۇدۇمللۇق پايدىلىنىپ كەلگەن. يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى ۋە پائالىيىتىدە قىلچىمۇ بوشلۇق ياكى ئۈزۈكچىلىك قالدۇرمىغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈركچە، ئۇيغۇرچە دېگەنلەرگە كەلسەك، ئۇ پەقەت يېزىق ئۆزگىرىش داۋامىدا پەيدا بولغان يېزىق شەكلىگە قاراپ قويۇلغان ناملار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىختىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىغا ۋە بىر پۈتۈنلۈكىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 20 - بابىدا «لىيۇ شىچىڭ يات قەۋملەرنىڭ تىلىنى بىلىشتە ھەممىدىن كامىل ئىدى، پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، لىيۇشىچىڭغا «نىرۋانا سۇترا»نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇنى تۈرك قاغانىغا تەقدىم قىلغان» دەپ بايان قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدىلا بۇددىزم تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن كېلىدى - باردى قىلىپ قويۇق ئالاقىدا بولۇپ كەلگەچكە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مەزگىلدە «خەنزۇ يېزىقى ۋە ئۇنىڭ فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس كىتابلارمۇ غەربىي يۇرتقا يېتىپ كەلگەن. بەزى غەربىي يۇرتلۇق ئالىملار، مەسىلەن، سۇلىلىق (قەشقەر) خۇيلىڭ خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئۇ خەنزۇ ۋە سانسكرىت تىللىرىنى ياخشى بىلگەچكە، قەدىمكى خەنزۇچە كىتابلار ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر بىلىملەردىن پايدىلىنىپ «بۇددا نوملىرىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە مەنىلىرى» دېگەن كىتابنى (جەمئىي يۈز جىلد) يېزىپ چىققان».③ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 4 - يىلى (مىلادى 788 - يىلى) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى «回纥» دېگەن خەتنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 回鹘 دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىپ، خەنزۇچە خەتنىڭ مەنىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆز شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. يېقىنقى چاغلاردا تۇرپان سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدىن قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى تېپىلغان.④ مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندا خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددىزمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان بۇددا نوم - بېتىكلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇددىزمغا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇددىزم ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەنىۋى پائالىيىتىگە ئايلانغان ۋە مەشھۇر تەرجىمانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، سىڭقۇ سەلى، پرتانراكشىت، ئامۇگا ئاچار، ساڭگا شىرى، ئارغۇن سەلى، بىلان ناسىلى، كارناداس، ئەنسارى قاتارلىق تەرجىمانلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تىبەتچە ۋە موڭغۇلچە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇددىزم مەزمۇنىدىكى «ماي تىرى

سىمىت» دېگەن ئەسەر دەسلەپتە كۇچالىق كوماراجىۋا تەرىپىدىن سانسكرىت تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، IX ئەسىردە ئاندىن پرتانراكشت تەرىپىدىن توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، پرتانراكشت قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە يەنى VIII — IX ئەسىرلەردە ياشىغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دېمەك، پرتانراكشت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە توخرى تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ھەمدە بۇددا دىنى ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشلۇق بولغان ماھىر تەرجىمان بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇددا تەلىماتى بويىچە بىر قەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە شەخستۇر.

«مائىترى سىمىت» بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا مۇرتلىرىنىڭ نەزەرىدە كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان تەڭرى مائىترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ ھەربىر ۋارىقى ئۈستىگە قانچىنچى پەردە ئىكەنلىكى يېزىپ قويۇلغان. ھەربىر پەردىسىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىكنىڭ ئورنى، سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار، ئورۇنلىنىدىغان كۈيلەر خاتىرىلەنگەن. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تەرجىمە نۇسخىسىدا سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار ۋە ئورۇنلىنىدىغان كۈيلەر خاتىرىلەنمەي، پەقەت ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىلا يېزىلغان، شۇنداق بولسىمۇ بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىجادىي يوسۇندا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە قويۇق دراما تۈسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«ئالتۇن يارۇق» — بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى سانسكرىتچە يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يى جىڭ دېگەن كىشى بۇ ئەسەرنى 703 - يىلى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. خۈي لىنىڭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن ئەسىرىدە شۈەنزاڭنىڭ پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن بۇددا ئىلمىنى تەمسىل قىلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان خەنزۇچە ئەسەردۇر. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن ئىزاھلاردىن بىز بۇ ئىككى كىتابنى قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار)دا ياشىغان ئاتاقلىق تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «غەربكە ساياھەت» شۈەنزاڭ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان خەنزۇچە رومان بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ دەۋردە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تېخى ئېنىقلىمە پاكىت يوق، ئەمما ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ھۆججەتلەر ئىچىدە بۇ رومانىدىكى بىر ھېكايە بايان قىلىنغان، تىل ۋە تەرجىمە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا،

يۇقىرىدىكى ئىككى ئەسەرنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ ئەسەرنىمۇ سىڭقۇ سەلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. تەرجىمە قىلىنىش ناھايىتى قىيىن بولغان قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بۇ ئىككى ئەسەرنى سىڭقۇ سەلىنىڭ شۇنداق ماھىرلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن تەرجىمە قىلغانلىقى، باشقا تىللاردىكى تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سۆز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەرجىمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ بىرقانچە تىللارنى بىلىدىغان ئۇستا تەرجىمان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ناھايىتى ئەتراپلىق بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق» قىستۇرۇلغان ھەربىر قۇرى يەتتە خەتلىك خەنزۇچە بىر شېئىرنى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە 4 مىسرالىق 2 كۇبلېت، قوشاققا ئايلاندۇرۇپ جانلىق، راۋان تەرجىمە قىلغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى شېئىرلارنى سانسكرىتچە «كاۋايا» شېئىرىغا مايىل بىر خىل نەسرىي ئۇسلۇب بىلەن تەرجىمە قىلىپ قويۇق مىللىي تۈسنى گەۋدىلەندۈرگەن. مانا بۇلار سىڭقۇ سەلىنىڭ تەرجىمە ماھارىتىدىكى پاساھەتلىك ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ.

قۇچۇ ئىدىقۇت جەمئىيىتىدە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈش بىلەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددىزمنىڭ سەممىي ئېتىقادچىلىرى ۋە ئەڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىلىرىغا ئايلانغان. بۇددىزمنىڭ كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش «ساۋابلىق ئىش» دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇددا نوم - سۇترالىرىنى ھەر خىل مەنبەلەردىن يەنى قەدىمكى كۇچا تىلى، قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدىن، سانسكرىت تىلىدىن، توبۇت تىلىدىن، خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بەزى دىنىي كىتابلارنى ئۇيغۇرلار ئۆزى يازغان. ئامۇگا ئاچارى دەپ نام ئالغان راھىب «سەككىز مۇقەددەس ئورۇنغا مەدھىيە» ناملىق كىتابىنى سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ساڭگا شىرى «ئارا يارا جاۋاۋاداكا سۇترا»نى توبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، قۇچۇلۇق كومارا بۇتى، كۇچالىق مىوكسا كوپتا قاتارلىقلارمۇ بىرمۇنچە بۇددا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت خانلىقى ئۆز ئازلىقى بىلەن چىڭگىزخانغا بويسۇنغاچقا، ئۇيغۇرلار ئالاھىدە ھوقۇق - ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. بەزى ئۇيغۇر راھىبلىرى ۋە تەرجىمانلار ئىچكى رايونلاردا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئىچكى رايونلاردىكى بۇددىستلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان. 1047 - يىلى تاڭغۇت خانى لى يۈەنخاۋ «ئېگىز پەشتاقلىق خانىقا» دەپ ئاتالغان كاتتا بىر ساگرام سالدۇرغان. ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇ ساگرامدا بەزى بۇددا نوملىرىنى توبۇت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. 1273 - يىلى قۇبلاي خان ئۇيغۇر راھىبى قاتاي سەلىنى بۇددا دىنىنى چۈشەندۈرگۈچى

ئوكۇرداي قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ بۇددا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرگەن. مۇشۇ دەۋردە ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدىن چىققان نۇرغۇن ئالىم - ئۆلىمالار، ئەدىب - تەرجىمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىغا ئۆز ئەقىل - پاراسەتلىرىنى تەقدىم قىلىشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنسارى، بىلان ناسالى، كارناداس ئارقۇن سارىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئەڭ زور. ئەنسارى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە يارلىقچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان، قوشۇمچە كوڭزىچىلىقنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشتا ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى «نەسىرنامە. پاراغەتكە يېرىلمەسلىك»، «جېڭگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر»، «ئىبرەتنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»، پۈتۈن «نەسىرنامە»، «قىيىن كېسەللىكلەر» ۋە «دورا - گىياھلار» قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان. يەنە خەنزۇچە «قەدىمنامە»نى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان. بىلان ناسالى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قۇمۇللۇق بۇددىست ئالىم ۋە تەرجىمان بولۇپ، خەنزۇچە، سانسكرىتچە ۋە تىبەتچە بىرقانچە تىللارنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، خەنزۇ تىلىدىن «سۇرانگاما سامارى سۇترا»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. سانسكرىت تىلىدىن «گاندىراۋا پراجنا سۇترا»، «ماخايانالانكارا سۇترا»، «ئۇلۇغ نىرۋانا سۇترا» ۋە «ماخايانا سۇتراغا مەدھىيە» قاتارلىق بۇددا نوملىرىنى، تىبەت تىلىدىن قىيىن بولغان «دىيانا سۇترا»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. كاراناداس يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمە مۇتەخەسسىسى. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەقىللىق زېرەك بولغاچقا، ئەنسارى ئۇنى قۇبلايخانغا تونۇشتۇرغان. قۇبلايخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن كارناداس شۇ چاغدىكى دۆلەت ئۇستازى دەپ نام ئالغان كاتتا ئۆلىما باسبا (موڭغۇلچە باسبا يېزىقىنى ئىجاد قىلغان كىشى)دىن براخمان تىلى، تىبەت تىلى ۋە موڭغۇل تىلىنى ئۆگەنگەن. كېيىن قۇبلايخاننىڭ مەخسۇس تەرجىمانى ۋە ئوردا باش مىرزىسى بولغان، ئۇ بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ «ھىندىچە - تىبەتچە نوملار» دېگەن ناھايىتى زور ھەجىملىك كىتابنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. دېمەك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇقىرىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش پائالىيىتىدىن بىز بۇددىزمنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە قانچىلىك راۋاج تاپقانلىقىنى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەرقايسى ساھەلىرىگە قانچىلىك سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

بۇ دەۋردە يەنە بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنى تىما قىلىپ ئىجادىيە قىلىنغان زور بىر تۈركۈم دىنىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. «چاشتانا ئىلىگ بەگ»، «دانىشتىق پالا»، «ئىككى تېكىن ھەققىدە قىسسە»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى»، «چولۇق مايمۇن پادىشاھى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇ رىۋايەتلەرنى تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن ياكى ئۆز تىلى ۋە ئەدەبىي ئەنئەنىلىرى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئۆزلىرىنىڭ بۇددىزىم ئەقىدىسىنى ئىپادە قىلىدىغان بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرغان. بۇ ئەسەرلەر قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى زور ئاساس سېلىپ بەرگەن.

مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى دائىرىسىدە خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە تەرجىمە خادىملىرىنىڭ كۆپىيىپ بارلىققا كەلگەنلىكى ئىدىقۇت تەرجىمە تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى خەنزۇچە – ئۇيغۇرچە خەت ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئورگان «ئىدىقۇت تەرجىمە مەھكىمىسى» دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت تەرجىمە مەھكىمىسى»گە مەخسۇس ئەمەلدار تەيىنلەنگەن ۋە تەرجىمانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلغان سېلىشتۇرمىلىق سۆزلۈكلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ياكى تۆۋەندىن كەلگەن خەت – ئالاقىلەرنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللاشتىن ئىبارەت بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ «ئىدىقۇت مەكتۇبلىرى» دەپ ئاتالغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى مەكتۇبلىرى» مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئارخىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان «ئىدىقۇت مەھكىمىسى تەرجىمە كىتابى» ياكى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دېگەنلىرىمىز ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۇيغۇرلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى خەت – ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىش مەسئۇلىيىتىنىلا ئۆتەپ قالماي، ئەلچىلەرگە ھەمراھ بولۇش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. تەرجىمە خادىملىرىنىڭ چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدىكى بەزى چۈشەنچە پىكىرلىرى ھەمىشە مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا ئىشلىرىغا دائىر سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان.

تەرجىمە مەھكىمىسى ئورگانلىرى قۇبىلاي دەۋرىدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىدە تەسىس قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەركەزدىلا ئەمەس، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ تەرجىمە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، رەسمىي ھۆكۈمەت ئاپپاراتىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، مۇنتىزىم ھالدا ئۇمۇملىشىشى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

قىسقىسى، ئىدىقۇت دەۋرىدىكى مۇنەۋۋەر تەرجىمانلار ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى، قىممەتلىك يازما مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇردى. بۇ يازما يادىكارلىقلار يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىنى، بولۇپمۇ مەدەنىي مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭمۇ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار

① ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 627 - بەت.

② ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 247 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 205 - بەت.

④ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 10 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# «قەدىمكى تۈرك تىلى - خوتەن ساك تىلى سۆزلۈكى» ھەققىدە

ئابلىكىم ياسىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلى - خوتەن ساك تىلىغا دائىر سۆزلۈك تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە سۆزلۈكتىكى قەدىمكى تۈرك تىلى سۆزلۈكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن ھەم مەنىلىرى يېشىپ بېرىلگەن.

ساكلار قەدىمكى پارس تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «saka» دەپ خاتىرىلەنگەن ئاھالىسى زور قەبىلىلەر توپى بولۇپ، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

قەدىمكى گرېك تارىخچىسى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» دېگەن كىتابىدا ئەسىردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كەڭ رايوندا ئورغۇنلىغان ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ساك قەبىلىلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غەربتە ئىچكى دېڭىز، قارا دېڭىز، سىر، ئامۇ دەريالىرى ۋادىسىدىن تارتىپ، شەرقتە تەكلىماكاننىڭ شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىگىچە، يەنى ھازىرقى دۇنخۇاڭ، لوپنور، ئىلى رايونى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە خوتەن رايونىغىچە بولغان بۇ كەڭ رايونلاردا ساكلارغا ئائىت كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن بۇرۇن ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسى ھازىرقى خوتەن رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. شۇ دەۋردىلا ئۇلاردا ھۆكۈمران سىنىپلار شەكىللەنگەن. كوستانا پادىشاھلىقى ساكلارنىڭ خوتەن رايونىدا قۇرغان پادىشاھلىقىدۇر.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ۋادىسىدا ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك جۇغراپىيىلىك، ئانتىرپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان ئەنگلىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم ئورېل ستېيىننىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى تۆۋەندىكى بىر ئابزاس بايان بىزنى قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى ساكلارنىڭ ئىرق مەسىلىسى، تىلى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە

بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ... ھەر خىل ئىسپاتلار، يازما مەلۇماتلار ۋە بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ھەققىدىكى تەپسىلىي دوكلاتلار قەدىمكى خوتەن تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمنى خېلى بىر يەرگە ئېلىپ بارغانىدى. ھەر خىل ئانتروپولوگىيىلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋە ماتېرىياللار بىلەن، ئىمپېنىچ بوستانلىقى — كۆك ياردا پاخپولىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا جىددىي كىرىشىپ كەتتىم. دەسلەپ ئۇلار قولۇمدىكى ھەر خىل تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى ۋە فوتو ئاپپاراتىنى كۆرۈپ (گەرچە بۇلار ھېچقانداق زىيانلىق بولمىسىمۇ)، خۇددى مەن ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغاندەك ئەيمىنىپ يېقىن كەلمىدى. لېكىن مېنىڭ ئەجرىم يەردە قالمىدى، توپلانغان پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، گەرچە ئۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىدا ئالپ ئادەملىرى تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ساقلانغانىكەن. (قەدىمكى دەۋرلەردە بۇنداق ئادەملەر تىپى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ، خوتەن ۋە ئۇنىڭ شەرقىغىچە بولغان رايونغا كەڭ تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ تىلى خۇددى ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ۋاخىلار*نىڭ تىلىغا ئوخشاشلا شەرقىي ئىران تىلىدىن كېلىپ چىققان» (يۇقىرىدىكى كىتاب، 1941 - يىل، ئىنگلىزچە، 50 - بەت). يۇقىرىقى خاتىرىدىن بىز خوتەن رايونىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى (ساكلار) ھىندى - ياۋروپا ئىرقى ئالپ ئادەملىرى تىپىغا كىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىدىن كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ خەلقلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بىر قىسىم غەرب ئالىملىرى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئارخېئولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار خوتەن، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى خوتەن ساك تىلىغا دائىر نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلارنى تاپتى. قەدىمكى خوتەن ساك تىلى يازما يادىكارلىقلىرى براخمان يېزىقىنىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، بۇ يېزىق ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە — شۈەنزاڭنىڭ: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ 12 - تومىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كوستانا ئېلىنىڭ يېزىقى ھىندىستاندىن كەلگەن، ئۇلار يېزىقنىڭ شەكلىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. لېكىن بۇ ئىككى ئەلنىڭ تىلى ئوخشىمايدۇ».

قەدىمكى خوتەن ساكلىرى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلىنى ئالىملار تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدۇ: (1) «شىمالىي ئارىيات تىلى»؛ (2) «خوتەن تىلى»؛ (3) «ھىندى - سكىف تىلى»؛ (4) خوتەن ساك تىلى. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇۋاپىق ئەمەس. مەسىلەن، «خوتەن تىلى» دېگەن ئاتالغۇ بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلغان ئورنىغا

* wakhis — ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ھىندى - ياۋروپا ئادەملىرىنىڭ ئالپىس تىپىدىكى كىشىلەردۇر، ئادەتتە «ۋاخىلار» دېيىلىدۇ.

ئاساسەن قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يازما يادىكارلىق قوللىنىلغان دەۋردە خوتەن رايونىدا تۈرك تىلىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى خوتەن رايونىدىكى ساك تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. يۇقىرىقى ئاتالغۇلاردىن «خوتەن ساك تىلى» ئاتالغۇسى ئەڭ مۇۋاپىق ۋە بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئەنگلىيە لوندون داشۆسى شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى بېيلى 40 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھەرقايسى ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان خوتەن ساك تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىپ، تەتقىق قىلىپ، بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئۈچ توملۇق ترانسكرىپسىيىسى ۋە بىر چوڭ ھەجىملىك ئىنگلىزچە خوتەن ساك تىلى لۇغىتىنى تۈزۈپ چىققان ھەم بۇ ئەسەرلەردە خوتەن ساك تىلى ئاتالغۇسىنى قوللانغان ھەمدە بۇ تىل ھەققىدىكى لۇغەتنى «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى» دەپ ئاتىغان.

ئالىملار بۇ يازما يادىكارلىقلار دەۋرى (V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە) دىكى ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىنى تۆۋەندىكىدەك كلاسسىفىكاتسىيە قىلىدۇ:




شەرقىي شىمال تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە ھازىرقى ھايات تىلدىن ھازىرقى تاجىكىستان چېگرىسىدىكى ياغناب تىلى بار. بۇ تىل «يېڭى سوغدى تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەرقىي جەنۇب تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە تىللار ئافغان تىلى، ياز قورۇم تىلى، ۋاخان تىلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھازىرقى پامىر رايونىدىكى سەرىكۇي تاجىك تىلى قاتارلىق بىر قىسىم تىللار شەرقىي جەنۇب تىللىرى گۇرۇپپىسىدىكى تىللار بىلەن ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ھازىر قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى بىرىنچى قولىيازما، يادىكارلىقلار پارىژ، لوندون، پېتېربورگ، ستوكھولم، بېرلىن، جاكارتا، يېڭى دېھلى قاتارلىق شەھەرلەردە ساقلانماقتا. بۇ

يازما يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى مىلادى V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چەت ئەل ئالىملىرى ئېلان قىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يازما يادىكارلىقلار ھازىرقى شىنجاڭنىڭ خوتەن، مارالبېشى، تۇمشۇق، مۇرتۇق قاتارلىق جايلىرىدىن ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان. مەزمۇن جەھەتتە، بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا دائىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارمۇ بار. بولۇپمۇ بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئەمىر - پەرمان، سەپەر خاتىرىلىرى، ھېسابات خاتىرىلىرى، خەت - ئالاقە، تېببىي دورىلار، ئەدەبىيات ۋە ھەر خىل سۆزلۈكلەرگە دائىرلىرى بىزنىڭ قەدىمكى خوتەن خانلىقى، قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ھىندى، تىبەت، تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىخى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ، مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى «گەنجۇ تۈركلىرى خاتىرىسى» دېگەن ئەسەردە، خوتەن خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭ گەنجۇدىن ئۆتتۈۋاتقاندا تۈركىي خەلقلەر بىلەن توقۇنۇش قىلىپ قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن ساك تىلىدىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە «قەدىمكى تۈرك تىلى - خوتەن ساك تىلى سۆزلۈكى» تۈركىي تىلشۇناسلىقى جەھەتتە ئەھمىيەتكە ئىگە. (تۆۋەندە سۆزلۈك دەپ ئالىمىز).

سۆزلۈكنىڭ ئەسلى نۇسخىسى خوتەن ساك تىلىدىكى باشقا يادىكارلىقلار بىلەن ئارىلاش ھالدا، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا «P 2892» بەلگىسى ئاستىدىكى باشقا خوتەن ساك تىلىدىكى يادىكارلىقلار بىلەن بىللە ساقلانماقتا. «سۆزلۈك»نىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئالىملار «سۆزلۈك»تە ئىشلىتىلگەن براخمان يېزىقىنىڭ يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن، «سۆزلۈك» مىلادى IX ئەسىر ئەتراپىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلماقتا.

تۆۋەندە «سۆزلۈك» تىكى قەدىمكى تۈركچە سۆزلەرنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى كۆرسىتىلدى.*

| | |
|---|---|
| ayiz | ئېغىز |
| adrim | ئات ئىگىرىنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان نەرسە |
| alin | پېشانە |
| art | گەدەن |
| aya | ئالقان |
| aziγ | ئۇدۇل چىش |
| bayir | جىگەر |



P 2892 By courtesy of the Bibliothèque Nationale, Paris.

| | |
|---|---|
| bayari | يا ئوقى سالىدىغان كۆن قاپچۇق |
| bayirsoy | ئىچ باغرى |
| baqānoq | ئاقا مىخى |
| bidi | سىرتى |
| biläk | بىلەك |
| kösri | كۆكرەكنىڭ بىر تەرىپى |
| orton | ئوتتۇرا |
| ovuruy | بويۇن ئومۇرتقىسى |
| oy | ئويمان |
| öŋöč | يۇقىرى بوغوز بوشلۇقى |
| öpke | ئۆپكە |
| öt | ئۆت |
| öz | قورساق قىسمى ئىچىدىكى ئەزالار |
| öz än | ئىچكى قىسمى |
| qapaq | كۆزنىڭ قاپقى |
| qapyaq | ياپقۇچ |
| qaraq | كۆز قارچۇقى |
| qari | (ھايۋانلارنىڭ) ئالدى پۇتى، قول |
| teyak | يۇقىياغا ئويۇلغان سۈرەت |
| terkök | ئىگەرنىڭ بېغى |
| til | تىل |
| tizgin | تىزگىن |
| toli | ؟ |
| toqo | باغ (بىر نەرسىنى باغلايدىغان) |
| tulun | چىكە |
| tutasi | تۇتقۇچ |
| biqin | بىقىن |
| boyun | بىقىش |
| böyən | قارىغۇ ئۈچەي |
| böyūr | دوۋسون |
| būysek | كۆكرەكنىڭ يۇقىرى قىسمى |
| čato | شوتا |

*«ئوتتۇرا ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ ٥٥-يىللىق 2- سانىدا بۇ سۆزلۈكلەرگە ئائىت بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان. ماقالىمىزدىكى «سۆزلۈك» نىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى ترانسكرىپسىيىسى ۋە مەنىلىرى شۇ ژۇرنالدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| čatqir | ؟ |
| eγin | مۈرە |
| eγöček | ؟ |
| eŋ | يۈز، مەڭىز، چىراي |
| ešün | يەلكە |
| ey | قوۋۇرغا |
| iliγ | ئىلىنغان نەرسە |
| iŋ | يېپىشقاق سۆيۈقلۇق |
| karγök | قورساق |
| keš | ئوق خالتىسى |
| kez | يا ئوقى |
| kirpik | كىرپىك |
| kömuldruγ | يەلباغ |
| qarin | قورساق |
| qaš | قاش |
| qasiγ | قوۋۇز |
| qiriγ | كىرۋەك |
| qolun | تۆشباغ |
| qudisron | تاسما باغ |
| qurŋoluq | يا (ئوقيانىڭ) |
| saŋarsaq | ئاتنىڭ دۈمبىسى |
| saŋriq | ساغرا |
| sapγaq | بەل |
| saqalduruq | يۈگەن بېغى |
| sarqanaq | ئاشقازاننىڭ بىر بۆلىكى |
| tištaγ | چىش مىلىكى |
| tinγaq | بوغۇز |
| ulun | يا ئوقى |
| utuγ | ئىگەرنىڭ سول تەرىپىدىكى باغ |
| ün | ئۆ-ۋس |
| yan | يان |
| yapi | يوپۇق |

| | |
|---|---|
| yarin | مۇرە سۆڭگەكى؟ |
| yasiq | يا (ئوقيانىڭ) |
| yän | بەدەن |
| yig | يۇكەن |
| yildi | چۇشتى |
| yiŋyaq | ياڭاق |
| yoda | يوتا |
| yumur | هايۋانلارنىڭ قارىنغۇ ئۈچەيى |
| yuŋaq | يۇڭ |
| yüräk | يۈرەك |
| yursäk | ؟ |
| yūrūm | ئاق |
| yūz | يۈز (ئادەمنىڭ) |

بۇ سۆزلۈك ھەققىدە تۇنجى تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشى بېيلى ئەپەندى بولۇپ، ئۇ 1944 - يىلى «تۈركچە - خوتەنچە سۆزلۈك» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. تۈركلوگ كلاۋسون «تۈركچە - خوتەنچە سۆزلۈك ئۈستىدە قايتا تەتقىقات» (1973 - يىلى) دېگەن ماقالىسىدە «سۆزلۈك»تىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

«سۆزلۈك» تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ IX ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆتكەن خوتەن خانلىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن قەدىمكى ساكلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئىسپاتلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«سۆزلۈك»نىڭ نېمە مەقسەتتە تۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بېيلى ئەپەندى بۇ تۈرك تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان بىرەر ساكنىڭ خاتىرىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. لېكىن «سۆزلۈك»تىكى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئادەتتىكى سۆزلەردىن بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسىنىڭ ئات ۋە ئۇۋچىلىققا دائىر يۇقىرى تېخنىكىلىق ئاتالغۇلاردىن بولغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ مەلۇم مەقسەتتە تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك لۇغەتنىڭ بىرەر پارچىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۆزلۈك قەدىمكى تۈرك تىلىدىن ساك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىرەر ئەسەردە ئۇچرىغان سۆزلەرنىڭ تىزىملىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، قەدىمكى دەۋردىكى تەرجىمانلار بىرەر ئەسەرنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇچرىغان خام سۆزلەرنى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا لۇغەت شەكلىدە بېرەتتى.

«سۆزلۈك»نىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ھەم ئۇنىڭدىكى مەنىسى ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئۈستىدە يەنە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

# مىللىي نەشرىياتلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى

ئىلھام ئىبراھىم

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، مىللىي نەشرىياتلار ھازىر يۈزلىنىۋاتقان بەزى رېئال ئەھۋاللار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە دائىر بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي يېزىقتىكى نەشرىياتلارنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان سەممىي غەمخورلۇقى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى. مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تىراژى ئاز، باھاسى ئەرزان، تەننەرخى يۇقىرى، ئۇنى تەھرىرلەش ۋە نەشىر قىلىش يوللىرى مۇرەككەپ بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كۆپ ساندىكى كىتابلارغا سالغان مەبلەغنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. دۆلىتىمىز، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە غەمخورلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ، سىياسەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ھازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دەۋرىدە، ھەممە ساھەلەردە ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەكىتلەنمەكتە. بۇنداق شارائىتتا قىلىنچىلىقنىلا تەكىتلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، يوغان گەپ قىلىپ قىلماقچى ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل بولمايدۇ. قىسقا مۇددەت ئىچىدە مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تىراژىنى كۆپەيتىپ، زىيانلىقنى پايدىغا ئايلاندۇرۇشمۇ بىر قەدەر تەس، مىللىي رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ سېتىۋېلىش ئىقتىدارىمۇ چەكلىك. شۇڭا بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىلا تەكىتلەپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەي، مىللىي نەشرىياتچىلىقنى توختىتىپ قويۇشقا ياكى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. پەقەت مىللىي نەشرىياتلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، مىللىي نەشرىياتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ خىزمەتنى

ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. مىللىي نەشرىياتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دىگىنىمىزدە مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ نەشىر قىلىش ئىش ھالقىلىرىنىڭ خەنزۇچە كىتابلار بىلەن بولغان پەرقى، ئىمراۋ جەھەتتىكى پەرقى، زاۋۇتتا بېسىش ئىش ھەققى پەرقى، ئىش ھالقىلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندە ئالدى بىلەن بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. بىر قىسىم ئىجادىي ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ، باسمىغا كىرىشتىن بۇرۇن نەشىر قىلىش ئىش ھالقىلىرىدىن بىرى كۆپەيدى دىگەن گەپ. جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنى تەھرىرلىگەندە، ئۇلارنى مەزمۇنى، تەرجىمە سەنئىتى، مەنتىقىلىكى، جۈملە قۇرۇلمىسى، ئىملاسى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەھرىرلىگەندىن سىرت، خەنزۇچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى بىلەن بىرمۇ بىر جانلىق سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. كوررېكتورلۇق ۋە باشقا ئىش ھالقىلىرىمۇ يېزىق ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن خەنزۇچىغا قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ، مۇرەككەپ بولغانىكەن، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلىدىغان ئەمگەكمۇ كۆپ بولىدۇ، كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرۈلگەنىكەن، ئىش ھەققىمۇ نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. مانا بۇلارمۇ مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تەننەرخىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2. ئىش تۈرلىرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە قىيىن بولۇش سەۋەبىدىن، مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ باسما ھەققىمۇ خەنزۇچە كىتابقا قارىغاندا نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. باسما ھەققى ئىچىدە نابور ھەققىدىكى پەرق ناھايىتى روشەن بولغانلىقتىن، بۇ يەردە نابور ھەققىدىكى پەرقىنىلا مىسالغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

32 فورماتلىق ئوخشاش باسما تاۋاقتىكى ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ نابور ھەققى پەرقى:

1 (خەنزۇچە كىتاب) باسما تاۋىقى: 15 بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى | قول بىلەن | لازېر نۇرى ماشىنىسى بىلەن |
|---|---|---|
| ئىجتىمائىي پەن | 32×15×6.00=2880.00 | 32×15×8=3840.00 |
| تەبىئىي پەن | 32×15×7.4=3552.00 | 32×15×9.8=4704.00 |
| لۇغەت | 32×15×8=4800.00 | 32×15×13.3=6384.00 |

II (ئۇيغۇرچە كىتاب) باسما تاۋىقى: 15 بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى | قول بىلەن | لازېر نۇرى ماشىنىسى بىلەن |
|---|---|---|
| ئىجتىمائىي پەن | 32×15×28×10.5×0.042 =5927.04 | 5927.04+5927.04×30% =7705.15 |
| تەبىئىي پەن | | |
| لۇغەت | 32×15×28×10.5×0.085 =11995.20 | 11995.20+11995.20×30 =15593.76 |

ئەگەر كىتاب ئىككى يېزىقنىڭ سېلىشتۇرمىسى قىلىپ تىزىلسا، II جەدۋەلدىكى ھەققە يەنە 20% قوشۇلىدۇ؛ ئۈچ خىل يېزىقنىڭ سېلىشتۇرمىسى قىلىپ تىزىلسا، II جەدۋەلدىكى ھەققە يەنە 30% قوشۇلىدۇ.

3. خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇرچە كىتابنىڭ بەت سانى خەنزۇچىنىڭكىدىن كۆپىيىپ، باسما تاۋىقى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتابنىڭ تەننەرخى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ. مەسىلەن، چوڭ 32 فورماتلىق 12.25 باسما تاۋاقتىكى مەلۇم بىر خەنزۇچە كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۇ چوڭ 32 فورماتلىق 22 باسما تاۋاقتىكى بىر كىتاب بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ نابور ھەققىدىكى پەرقىنى تۆۋەندىكى ئىككى جەدۋەلدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

I (خەنزۇچە كىتاب) باسما تاۋىقى: 12.25 بىرلىكى: يۈەن

| قول بىلەن | لازېر نۇرى ماشىنىسى بىلەن |
|---|---|
| 32×12.25×7.4=2900.80 | 32×12.25×9.8=3841.60 |

II (ئۇيغۇرچە كىتاب) باسما تاۋىقى: 22 بىرلىكى: يۈەن

| قول بىلەن | لازېر نۇرى ماشىنىسى بىلەن |
|---|---|
| 32×22×28×10.5×0.042=8692.99 | 8692.99+8692.99×30%=11300.89 |

4. تىراژنىڭ ئاز-كۆپلۈكى كىتابنىڭ باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق ئامىل. كىتاب تىراژىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى شۇ كىتابنىڭ سۈپىتىگە، تاللانغان تېمىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا، ئىشلىتىشچانلىقىغا، شۇ يېزىقنى قوللىنىدىغان نوپۇسنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە، شۇ يېزىقنى قوللىنىدىغان نوپۇس ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالىغا، تۇرمۇش سەۋىيىسى (سېتىۋېلىش ئىقتىدارى)گە، شۇنداقلا تەشۋىقات ئىشلىرىغا باغلىق بولىدۇ. بۇلار مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تىراژىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تىراژ قانچە ئاز بولسا، كىتابنىڭ تەننەرخى شۇنچە ئۆرلەپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق بىر نەشرىيات تېما تاللاشتا ئالدى بىلەن تىراژ مەسىلىسىنى

ئۆيلەشمىدۇ. تىراژنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئاللانغان تېمىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى باھالاشنىڭ بىر مەزمۇنى.

يۇقىرىقىلار مىللىي يېزىقتىكى نەشرىياتلار ھازىر يۈزلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئوبيېكتىپ ئەھۋاللاردۇر. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەل قىلىپ كېتىش تەس. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا قاراتقان مالىيە جەھەتتىكى ياردەمنى ۋە سىياسەت جەھەتتىن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشنى توختىتىپ قويماسلىقى ۋە بۇنىڭغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مىللىي نەشرىياتلارمۇ ياردەمگىلا قاراپ قالماي، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن چىقىش يولى ئىزدىشى، راۋاج تاپقان نەشرىياتلارنىڭ باسقان يولىنى ۋە ئىلغار تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەينەك قىلىشى كېرەك.

ياخشى كىتابلارنى كۆپلەپ چىقىرىش نەشرىياتچىلىقتىكى مەڭگۈلۈك باش تېمىدۇر. شىنجاڭدا يەرلىك تۇس ئالغان، مەزمۇنى ياخشى، تىراژى كۆپ كىتابلارنى كۆپلەپ چىقارغاندا، تەسىرنى كېڭەيتكىلى ۋە پايدا ياراتقىلى بولىدۇ. مىللىي نەشرىياتلار «نۇقتىلىق كىتاب»لار قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، بۇ ئادەتتە دېيىلىدىغان تېما تاللاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. تېما تاللاش ۋە ماقالە تەشكىللەش پۈتكۈل نەشرىياتچىلىقتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تېما تاللىغاندا ۋە ماقالە تەشكىللىگەندە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرىگىمۇ دىققەت قىلىش، پارتىيىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؛ كىتابنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن، كىتابنىڭ سۈپىتىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چىقارغان كىتابنىڭ خىلىنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر سۈپەت ياخشى تۇتۇلمايدىكەن نەشرىياتنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىتابنى تارقىتىشمۇ قىيىنلىشىپ، بېسىلىپ قېلىش ۋە ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنداقلا يەنە بەزى ناچار ئىجتىمائىي تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

نابور — باسمىچىلىقتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىش تۈرى. ئۇ نەشرىياتقا نىسبەتەن چوڭراق بىر چىقىم تۈرى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما باسما زاۋۇتلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەلۋەتتە چوڭراق بىر پايدا تۈرى بولىدۇ. زامانىۋىلاشقان باسما زاۋۇتلىرىدا ھازىر ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ھەرپ تىزىش مەيدانغا كەلدى. ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ھەرپ تىزىش مەيدانى كىچىك، ئەمگەك كۈچى ئاز كېتىش، سۈرئىتى تېز بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇنى نەشرىياتلارنىڭ ئۆزىمۇ پۈتۈنلەي ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلەيدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇنلىغان نەشرىياتلار بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى، ھازىر ئۇلار تەھرىرلەش ھالقىلىرىنىمۇ ئېلېكترونلۇق مېڭىدە بېجىرىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. تىراژ ۋە تارقىتىش جەھەتتە مىللىي كىتابلاردا پايدا ئاز بولۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، ئەگەر نەشرىياتلار ئۆزلىرى ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن ھەرپ تىزىشنى ئىشقا ئاشۇرسا، ھېچ بولمىغاندا نابور ھەققىنى تېجەپ قېلىپ، كىتابنىڭ چىقىش دەۋرىنى قىسقارتالايدۇ، ناۋادا ئۆزىنىڭ بۇنداق باسما زاۋۇتى بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

كۈچلۈك بىر نەشرىياتچىلىق قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈگۈنى. نەشرىيات قوشۇنىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى شۇ نەشرىياتنىڭ روناق تېپىشى ياكى ۋەيران بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. نەشرىياتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، چوقۇم كۈچلۈك كەسپىي قوشۇنغا تايىنىش كېرەك. بولمىسا ھېچقانداق ئىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. نەشرىياتچىلىق قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىسى رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىدۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر نەشرىياتنىڭ سەۋىيىسى دېمەكچى بولغاندا شۇ نەشرىياتنىڭ نەشرىيات باشلىقىنىڭ، باش مۇھەررىرىنىڭ ۋە تايانچ قوشۇنىنىڭ سەۋىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بىر نەشرىياتتا يىراقنى كۆرەلەيدىغان، كەسىپكە پىششىق، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر نەشرىيات باشلىقى ۋە باش مۇھەررىر رەھبەرلىكىدىكى بىر تايانچ قوشۇن بولىدىكەن، بۇ نەشرىيات چوقۇم ناھايىتى تېز راۋاج تاپىدۇ. نۇرغۇنلىغان نەشرىياتلارنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. نەشرىيات ئادەتتە بىر كىچىك ئائىلىگە ئوخشايدۇ، نەشرىيات باشلىقى بىلەن باش مۇھەررىر بۇ ئائىلىنىڭ ئائىلە باشلىقىدۇر. نەشرىياتنىڭ ھەربىر ئەزاسى نەشرىياتنىڭ ئىشىنى «ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشى» دەپ قاراپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نەشرىيات رەھبەرلىكى نەشرىيات قوشۇنىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە كەسپىي يېتىلدۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئىسلاھات نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى جانلاندۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇڭا مىللىي نەشرىياتلار ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇپ، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالغان قائىدە - تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش نەشرىياتچىلىقنىڭ جېنى. ۋاقتى ئۆتكەن كونا نەرسە رىقابەتتە مەغلۇپ بولىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر نەشرىياتچى يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا، يېتەكچى ئىدىيىنى ئۆزلۈكسىز توغرىلاپ، ناچار كىتابلارنى چىقىرىپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

كىتاب چىقىرىش ئەڭ ئاخىردا تارقىتىش خىزمىتىدە ئەمەلىيلىشىدۇ، نەشرىدىن چىققان كىتابنى تارقاتقىلى بولمىسا، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى بىكارغا كېتىدۇ - دە، چوڭ ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا تارقىتىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كىتابنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كىتابخانلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىللىي نەشرىياتلاردا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مىللىي يېزىقتا كىتاب چىقىرىدىغان نەشرىياتلار ئۈچۈن خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەشرىياتلار نەشر قىلغان ياخشى كىتابلاردىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەشرىياتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تېماتىك پىلان ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش لازىم.

مىللىي يېزىقتىكى نەشرىياتلار يەنە قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 3 - سانائەتنى مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. مىللىي نەشرىياتچىلىق چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغۋار ئىش، مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك.

# دۇنيادىكى مىللەتلەر

ئۆمەر موللا

## meng

| | | |
|---|---|---|
| 蒙达人 | مۆندالار | ھىندىستان |
| 蒙达科拉人 | مۆندا - كولالار | 〃 |
| 蒙杜鲁库人 | مۆندۇرۇكۇلار | 〃 |
| 蒙古人 | موڭغۇللار | موڭغۇلىيە |
| 孟人 | مونلار | بىرما، تايلاند |
| 孟加拉人 | بېنگاللار | ھىندىستان، بېنگال |

## Mi

| | | |
|---|---|---|
| 米提亚人（米太人） | مىدىيالىقلار | غەربىي ئاسىيا |
| 米赫人 | مىخلار | مېكسىكا |
| 米克马克人 | مىكماكلار | كانادا |
| 米基尔人 | مىكىرلار | ھىندىستان |
| 米南卡保人 | مىناڭكاباۋلار | ھىندونېزىيە |
| 米斯基托人 | مىسكىتولار | ھوندۇراس، نىكاراگۇئا |
| 密克罗尼亚人 | مىكرونېزىيىلىكلەر | ئوكيانىيە |
| 秘鲁人 | پېرۇئانلار (پېرۇلۇقلار) | پېرۇ |

## mian

| | | |
|---|---|---|
| 缅甸人 | بىرمالىقلار | بىرما |
| 苗人 | مېئولار (مياۋلار) | ۋيېتنام |

## ming

| | | |
|---|---|---|
| 明古鲁人 | بېنكۇلېنلار | ھىندونېزىيە |
| 明科皮人 | مىنكوپىلار | ھىندىستان |

## mo

| | | |
|---|---|---|
| 摩尔人 | ماۋرلار | غەربىي ئافرىقا |
| 摩尔达维亚人 | مولداۋىيىلىكلەر | مولداۋىيە |
| 摩尔多瓦人 | مولداۋانلار | رۇمىنىيە |

| | | |
|---|---|---|
| 摩拉维亚人 | موراۋىيلىكلەر (موراۋانلار) | چەخوسلوۋاكىيە |
| 摩里斯克人 | مورىسكىلار | ئىسپانىيە |
| 摩洛哥人 | ماراكەشلىكلەر | ماراكەش |
| 摩纳哥人 | موناكولۇقلار | موناكو |
| 摩伊人 | مويلار | ھىندىستان |
| 莫尔多瓦人 | موردوۋالار | شەرقىي ياۋروپا |
| 莫豪克人 | موھاۋكلار | ئاق ش |
| 莫朗人 | موراڭلار | نېپال |
| 莫里人 | مورىلار | ھىندونېزىيە |
| 莫鲁芒贝图人 | مورۇ - ماڭبېتولار | زايىر، ئۇگاندا |
| 莫罗人 | مورولار | فىلىپپىن |
| 莫基人 | موكىلار | ئاق ش |
| 莫桑比克人 | موزامبىكلەر | جەنۇبىي ئافرىقا |
| 莫斯基托人 | موسكىتولار | ھوندۇراس، نىكاراگۇئا |
| 莫蒂隆人 | موتىلونلار | ۋېنېسۇئېلا |
| 莫维马人 | موۋىمالار | بولىۋىيە |
| 莫西人 | موسىلار | غەربىي ئافرىقا |
| 莫希干人 | موخىكانلار | ئاق ش |

mu

| | | |
|---|---|---|
| 姆巴人 | مبالار | زايىر |
| 姆蓬圭人 | مپوڭگۋېلار | گابون |
| 穆比人 | مۇبىلار | چاد |
| 穆德哈尔人 | مۇدېخارلار | ئىسپانىيە |
| 穆尔勒人 | مۇرلېلار | سۇدان، ئېفىئوپىيە |
| 穆尔米人 | مۇرمىلار | نېپال |
| 穆拉人 | مۇرالار | بىرازىلىيە |
| 穆鲁特人 | مۇرۇتلار | مالايشىيا، ھىندونېزىيە |
| 穆纳人 | مۇنىلار | ھىندونېزىيە |
| 穆斯古人 | مۇزگۇلار | چاد، كامېرۇن |
| 穆斯科格人 | موسكوگلار | ئاق ش |

## N

Na

| | | |
|---|---|---|
| 纳加人 | ناگالار | شىمالىي ئافرىقا |
| 那加人 | ناگالار | بىرما، ھىندىستان |

纳格人 ناگىلار ھىندونېزىيە
纳米比亚人 نامىبىيىلىكلەر غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا
纳乃人 نانايلار شىمالىي ئاسىيا
纳奇人 ناچېزلار ئاقش
纳瓦人 ناخۇا (ناۋا) لار ئوتتۇرا ئامېرىكا
纳瓦霍人 ناۋاخىلار (ناداخو) ئاقش
纳瓦特莱卡人 ناۋاتلېكالار ئوتتۇرا ئامېرىكا

## Nan

南比夸拉人 نامبىكۋارالار بىرازىلىيە
南迪人 ناندىلار كېنىيە
南非白人 ئافرىكاندىلار (بۇرلار) جەنۇبىي ئافرىقا
南斯拉夫人 يۇگوسلاۋىيانلار (جەنۇبىي سىلاۋىيانلار) بالقان يېرىم ئارىلى
楠榜人 لامپوڭلار ھىندونېزىيە

## Nei

内维亚人 نىرۋىيانلار بېلگىيە

## Ni

尼奥罗人 نىئورولار ئۇگاندا، تانزانىيە
尼格利罗人 نېگرىللىلار ئوتتۇرا ئافرىقا
尼格利陀人 نېگرىتوسلار شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا
尼加拉瓜人 نىكاراگۇئانلار نىكاراگۇئا
尼科巴人 نىكوبارلار ھىندىستان
尼洛特人 نىلوتلار شىمالىي ئافرىقا
尼泊尔人 نېپاللار نېپال، ھىندىستان
尼日利亚人 نىگېرىيىلىكلەر غەربىي ئافرىقا
尼瓦尔人 نېۋارلار نېپال
尼西扣萨人 نياكيۇسالار تانزانىيە
尼亚卢旺达人 نيا ـ رۇئاندالار شەرقىي ئافرىقا
尼亚芒人 نياماڭلار سودان
尼亚斯人 نىئاسلار ھىندونېزىيە
尼杨韦齐人 نيامۋېزلار تانزانىيە
尼延贝人 نىڭگېبلار غەربىي ئافرىقا
涅涅茨人 نېنتسلار روسىيە

| | | |
|---|---|---|
| **Niu** | | |
| 纽埃人 | تىۋەلەر | بولىۋىيە |
| **Nong** | | |
| 依人 | نۇڭلار | ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى |
| 农福人 | نۇمفورلار | ھىندونېزىيە |
| **Nu** | | |
| 努埃尔人 | نىۋەرلار | سودان |
| 努巴德人 | نۇبادلار | شىمالىي ئافرىقا |
| 努比亚人 | نۇبلار (نۇبىيىلىكلەر) | سودان، مىسىر |
| 努里斯坦人 | نۇرىستانلىقلار | ئافغانىستان |
| 努米底亚人 | نۇمىدىيىلىكلەر | شىمالىي ئافرىقا |
| 努佩人 | نۇپېلار | نىگېرىيە |
| 努普人 | نوپلار (نۇپلار) | ۋېيتنام |
| 努特卡人 | نۇتكالار | كانادا |
| **Nuo** | | |
| 挪威人 | نورۋېگلار | شىمالىي ياۋروپا |
| 诺安人 | نوئاگلار | ۋېيتنام |
| 诺巴德人 | نوبادلار | شىمالىي ئافرىقا |
| 诺盖人 | نوغايلار | 〃 〃 |
| 诺曼人 | نورمانلار | ياۋروپا |
| 诺曼底人 | نورماندىيىلىكلەر | 〃 〃 |
| | **O** | |
| **Ou** | | |
| 欧加登人 | ئوگادېنلار | ئېفىئوپىيە |
| 欧斯卡尔杜纳克人 | ئېۋكالدۇناكلار | ئىسپانىيە، فرانسىيە |
| 欧洲人 | ياۋروپالىقلار | ياۋروپا |
| | **P** | |
| **pa** | | |
| 帕哈尔人 | پاخارلار | ھىندىستان |
| 帕胡因人 | پاخۇئىنلار | كامېرۇن |
| 帕拉奇人 | پاراچلار | ئافغانىستان |

# Journal of Xinjiang University
## (Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)
No 2. 1993 (Total: No. 54)


## Contents


Speed up Reform and Try to find the New System of the Socialist Market Economy ……………………Gao Shangchuan
About the Legal Basis of the System of the National People's Congress ……………………Anserdin Mosayuv
On the Interroation and Its Logical Constitution ……………………Koresh Mahmut
On Relationships between the Speech and the Thought……………………Ayshem Abdulla
The Principle for Ordinary Citizens to Use Mother Tongue in Legal Proceeding Actions……………………Alim Sayfi
On Differentiating the Line Between the Reform - Through - Labour and the Reeducation by Labour……………………Erken Tohti
The Significance of Deepening the Reform in Planning Birth……………………Munawer Malik
The Origial Manuscripts Relating to ''Qirpana Bag'' period……………………Sherin Qurban
The Internal and External Situation of Xinjiang on the Eve of its Foundation As a Province……………………Nurulla Momin
Dying Technique on Silk Road……………………Mamut Qurban
About Gorkey's Earliest Writings……………………Abdurahman Muhammet
Discussion on the Function of Linguistic Simplication……………………Razak Matniyaz
Some Readings and Passages on Uighurs……………………Reweydulla Hamdulla
Passive and Active Aesthetics……………………Yolwas Rashidin
On the Phenomena of Losing Vowels in Contemporary Spoken Uighur Language ……………………Tashpolat Abeydulla
On the Issue of How to Explain the Meaning of Words in the Classroom ……………………Tursunqiz Yasin
Translation and Interpretation Activities During the Quju Idqut Period ……………………Ahmet Yahya
On ''the Ancient Turkish - Words in the Sak Language of Hotan'' ……………………Ablekim Yasin
The Ethnic Nationalies in the World……………………Omar Molla

www.uyghurkitap.com

主编：艾克拜尔·侯赛因
副主编：克尤木·库尔班



ئېرتىش دەرياسىنىڭ كۆكتوقايدىكى كۆۋرۈكى

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

(哲学社会科学维文版)

季　　刊

发行范围：公开发行

国内统一刊号CN65—1035/C

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»
تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆسى

شىنجاڭ داشۆسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى
قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58 . باھاسى: 1.00 يۈەن.